# ئىزدىنىش

(تاللانما)

6 2000

www.uyghurkitap.com


# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما)

2000-يىل 6-سان
(ئومۇمىي 144-سان)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 2000-يىللىق 7-، 8-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


**مالىيە-باج خىزمىتى مەسىلىسى توغرىسىدا**
(2000-يىل 1-ئاينىڭ 19-كۈنى) ............................... **جياڭ زېمىن(2)**

**يېڭى دەۋردىكى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدىكى بىرنەچچە مەسىلە** ............................................ **لى رۇيخۇەن(13)**

**پارتىيىمىزنىڭ بارلىق كۈرەشلىرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ**
——جياڭ زېمىننىڭ گۇاڭدۇڭدا خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات ............................ **لى چاڭچۈن(20)**

**دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم**
——يولداش جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات............... **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(33)**

**غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا سوتسىيالىستىك بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم** ........................ **ۋېي خۇكەي(38)**


**★6-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەتساندۇقى)

# مالىيە-باج خىزمىتى مەسىلىسى توغرىسىدا*

## (2000-يىل 1-ئاينىڭ 19-كۈنى)

جياڭ زېمىن

ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنى مەلۇم ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىياتقا ئائىت بەزى زور مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تېما بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرۇش مەركەزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە قوللانغان ئۈنۈملۈك تەدبىرىدۇر. بۇلتۇر يىل بېشىدا پۇل مۇئامىلە مۇھاكىمە كۇرسى ئۇيۇشتۇرغاندۇق، بۇ قېتىم يەنە مەخسۇس مالىيە-باج تېمىسى بويىچە مۇھاكىمە كۇرسى ئۇيۇشتۇردۇق، بۇ بىزنىڭ خىزمەتتىكى رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن پايدىلىق. بىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا، ھەممە بىلىملەرنى ئالدىن تولۇق ئىگىلەپ بولۇپ ئاندىن ئىشنى باشلايمىز دېيىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇدۇللۇق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ئۇدۇللۇق ئۆگىنىپ، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلىشىمىزغا، قايسى جەھەتتىكى بىلىم يېتەرسىز بولسا، شۇ جەھەتتىن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ ماھارىتىمىز ئۆگىنىشتىن، ئەمەلىيەتتىنلا كېلىدۇ. تۆۋەندە مەن مەملىكىتىمىزنىڭ مالىيە-باج خىزمىتى مەسىلىسى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتمەكچى.

مالىيە— دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر فۇنكسىيىسى، دۆلەت ھاكىمىيىتى پائالىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. مالىيە-باج سىياسىتى— دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتىكى ئاساسلىق بىر ۋاستىسى. مالىيە كۈچىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىز بولۇشى دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىغا ۋە بىخەتەرلىكىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تولۇق مالىيە كۈچى بىر دۆلەتنىڭ كۈچلۈكلۈكى، مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. دۆلىتىمىزدە مۇقىم،

* بۇ— يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەخسۇس مالىيە-باج تېمىسى بويىچە ئېچىلغان مۇھاكىمە كۇرسىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قىسمى.

تەڭپۇڭ، كۈچلۈك مالىيە بەرپا قىلىپ، توغرا مالىيە-باج سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە يولغا قويۇپ، مالىيە-باج خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش بىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار تەرەققىيات نىشانىنى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

پارتىيىمىز مالىيە خىزمىتىنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتتىكى رولىغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىز مەملىكەت بويىچە مالىيە-ئىقتىساد خىزمىتىنى تېزدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېقىندىن بارلىققا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدۇق. ئەينى ۋاقىتتا بىز پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش ئاساسىدىكى باج سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇھىم شارائىت ھازىرلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىرىنچى بەش يىللىق پىلاندىن باشلاپ، مەركەزنىڭ مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ زور بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىش بىلەن، بىرقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كونا جۇڭگودىن قالغان ”بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق“ بولۇشتەك قالاقلىق ئاساسىدا، مۇستەقىل، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سانائەت سىستېمىسىنى ۋە خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدۇق. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكىدەك توختاپ قالغان ئىشلارنى قايتا يولغا قويۇشقا توغرا كېلىۋاتقان ۋە غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ قاتتىق قامال قىلىشىغا، مۇھاسىرىگە ئېلىنىشىغا ئۇچراۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەردە مالىيە كۈچىنى، ماددىي كۈچىنى، ئادەم كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بەزى چوڭ ئىشلارنى قىلمايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش كەلتۈرگەن جاراھەتنى تېزدىن ساقايتىشنى، خەلق ئىگىلىكىنى ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بىز دۆلەتنىڭ مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئۈستىدە مۇھىم ئىسلاھات ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ئىلگىرىكى يۇقىرى مەركەزلەشتۈرۈش، بىر تۇتاش كىرىم-چىقىم قىلىشتەك تەمىنلەش تىپىدىكى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كىرىم-چىقىم مۇۋاپىق ئايرىۋېتىلگەن، مالىيە ھوقۇقى بىلەن ئىش باشقۇرۇش ھوقۇقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، باج بۆلۈش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇشتەك مالىيە تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدۇق؛ پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدىكى بىرلا خىل باج تۈزۈمى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، قوشۇلما قىممەت بېجىنى ئاساسىي گەۋدە، ئىستېمال بېجى ۋە تىجارەت بېجىنى قوشۇمچە قىلىدىغان يېڭىچە ئوبوروت بېجى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تاپاۋەت بېجى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق؛ ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىپ، كارخانىنى بازار سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ، دۆلەت بىلەن كارخانىنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى پەيدىنپەي ئىزىغا چۈشۈردۇق؛ ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيانقى مۈلۈكچىلىك، كەسىپ ۋە تارماقلار بويىچە مالىيە بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، كارخانىلاردا يېڭىلانغان كارخانا مالىيە نىزامى ۋە كارخانا بوغالتىرلىق مىزانىنى يولغا قويدۇق؛ ”داش قازاننىڭ ئېشىنى تەڭ يېيىش“تەك تەڭ تەقسىماتچىلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنۇمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىل بولۇشقا ئېتىبار بېرىشتا چىڭ

تۇرۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلىنى تۇرغۇزدۇق؛ ئېچكى-تاشقى مەبلەغ يۇرۇشتۇرۇش يوللىرىنى ئىزچىل كېڭەيتىپ، تاشقى ھەمكارلىقنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق ئىچكى-تاشقى مالىيە كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردۇق؛ خام چوت، باج، زايوم، ئىقتىسادىي ياردەم، يۆتكەپ چىقىم قىلىش قاتارلىق مالىيە-باج سىياسىتى قوراللىرىنى ئۈنۈملۈك قوللىنىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى تەڭشەپ-تىزگىنلەپ، مالىيىنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتۇق. قىسقىسى، 20 يىللىق ئىزچىل ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپىگە ماس كېلىدىغان مالىيە-باج تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىپ، مالىيە ئىسلاھاتىدا ۋە تەرەققىياتىدا روشەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مالىيە كىرىمى مۇقىم ئېشىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى پەيدىنپەي زورايدى. مالىيىنىڭ دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ داۋاملىق ئۆسۈشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى، دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا ۋە مۇھىم فاكتېر، سىياسەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا مەدەت بەردى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا بىزنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ۋە خېيىم-خەتەر ئۈستىدىن يېڭىپ چىقىشىمىز ئۈچۈنمۇ مۇھىم ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

مالىيە—ئىقتىسادىي كاتېگورىيە، ھەم دۆلەتنى باشقۇرۇش، ئەلنى ئەمىن قىلىش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقنى بېيىتىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان سىياسىي كاتېگورىيە، ئادام سىمىت «دۆلەتنى بېيىتىش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مالىيىنى ”پۇقرا ئىشلىرىنىڭ ئانىسى“ دەپ ئاتىغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇ چې مۇنداق دېگەنىدى: ”مالىيە دېگەن دۆلەتنىڭ جېنى، ھەممە ئىشنىڭ ئاساسى. دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى، ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى كۆپىنچە شۇنىڭغا باغلىق.“ دۆلىتىمىزنىڭ فېئوداللىق دەۋرىدىكى ھاكىملار مالىيىنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، جەنگو دەۋرىدىكى شاڭ ياڭنىڭ قانۇنىنى ئۆزگەرتىشى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ ئەنشىنىڭ قانۇنىنى ئۆزگەرتىشى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭ جۈيجېڭنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى مالىيە ئىسلاھاتىنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلغان، ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشى كۆپىنچە مالىيىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، تولۇق مالىيە كۈچى ۋە توغرا مالىيە سىياسىتى بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ۋە ئەبەدىي ئامان بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەلۋەتتە، بىر دۆلەتنىڭ مالىيە ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى ئاخىرقى ھېسابتا شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە سىياسىي ئەھۋالىغا باغلىق بولىدۇ، ئەگەردە سىياسىي جەھەتتە داۋالغۇش بولۇپ تۇرسا، ئىقتىسادىي جەھەتتە چېكىنىش كۆرۈلسە، ئۇ ھالدا شۇ دۆلەتنىڭ مالىيىسىدىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر مالىيە-باج فۇنكسىيىسىدىن پايدىلىنىشقا ئىنچىكە ئۆزچىل تۇردا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئۇلار ھەمىشە مالىيە-باج ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇرژۇئا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇقىم ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، غەربتىكى نۇرغۇن ئىقتىسادشۇناسلارمۇ شۇنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، بازارمۇ ھەممىگە قادىر نەرسە ئەمەس، ”بازار كارغا كەلمەيدىغان“ ئەھۋالمۇ مەۋجۇت، پۈتۈنلەي ”كۆرۈنمەس قول“غا تايىنىپ ئىش قىلىدىغان ھېچقانداق ئىقتىساد يوق. غەربتىكى دۆلەتلەر كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، بۇلغىنىش، ئىشسىز قېلىش ۋە كەمبەغەللىشىش بىلەن بىيىپ كېتىشتەك ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەھۋاللىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، شۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش، دارامەت تەقسىماتىنى تەڭشەش شۇنىڭدەك ماكرو ئىقتىسادنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش فۇنكسىيىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ فۇنكسىيىلەر خېلى زور دەرىجىدە مالىيە-باج سىياستى، پۇل سىياستى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بولغاچقا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، مۇداپىئە بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۈچلۈك دۆلەت مالىيىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش كېرەك. بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوقۇم بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئاساسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەملىكىتىمىزنىڭ بازار سىستېمىسى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، بازارنىڭ ئۆزىدىمۇ يېڭىش قىيىن بولغان بەزى نۇقسانلار مەۋجۇت، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنى تىرىشىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، خام چوت، باج، يۆتكەپ چىقىم قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مالىيە ۋاستىلىرىنى توغرا ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەش، تاپاۋەتنى تەقسىم قىلىش، ئىقتىسادنى تەڭشەش-تىزگىنلەش، نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش جەھەتلەردىكى مۇھىم فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمیيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ھەممىسى مالىيە-باج بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، مالىيە سىياسىتىنى، مالىيىگە دائىر قانۇن-نىزاملارنى ۋە مالىيە كەسپىنى پىششىق ئىگىلەپ، خەلققە ۋاكالىتەن مالىيە ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىقتىسادىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ماھارىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى لازىم.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۈرئەت بىرقەدەر تېز، ئۇنۇم بىرقەدەر ياخشى، ئومۇمىي ساپا ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەت تەڭكەش راۋاجلىنىدىغان يولنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپىگە ماسلىشىپ، مالىيە-باج ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مالىيە-باج

خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

**بىرىنچى، مالىيە-باج خىزمىتىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتىنلا ھېساب-كىتاب قىلىپ قالماستىن، يەنە سىياسىي ئۈنۈم جەھەتتىن، ئىجتىمائىي ئۈنۈم جەھەتتىنمۇ ھېساب-كىتاب قىلىش كېرەك.** يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”دۆلەتنىڭ خام چوت مەسىلىسى مۇھىم بىر مەسىلە، ئۇ پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ ھۆكۈمەت پائالىيىتىنىڭ دائىرىسىنى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ.“ 1954-يىلى مەمۇرىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قوشۇمچە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولغان يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: مالىيە خىزمىتىدە چوقۇم مالىيىمۇ، سىياسەتمۇ بولۇشى كېرەك، مالىيىلا بولۇپ، سىياسەت بولمىسا زادىلا بولمايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، سان سىياسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ساننى بەلگىلەشنىڭ ئۆزى سىياسەتنى بەلگىلەش بولىدۇ. سان ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق دەرىجىسىنى، قايسى ئىشنى قىلىش، قايسى ئىشنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ بىر سىياسىي مەسىلە، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، مالىيە-باج خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەن-ئىشلەنمىگەنلىكىنى ئۆلچەشنىڭ تۈپ ئۆلچىمى ئۇنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى قوغداشقا، ياخشى رېئاللاشتۇرۇشقا ۋە ياخشى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت. مالىيە-باج خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتىنلا ھېساب-كىتاب قىلىپ قالماستىن، يەنە سىياسىي ئۈنۈم جەھەتتىن، ئىجتىمائىي ئۈنۈم جەھەتتىنمۇ ھېساب-كىتاب قىلىش، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت نۇقتىسىدىنلا ھېساب-كىتاب قىلىپ قالماستىن، يەنە كەلگۈسىدىكى مەنپەئەت نۇقتىسىدىنمۇ ھېساب-كىتاب قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتىن ھېساب-كىتاب قىلىشتا يەنە ھېساباتنى جانلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆلۈك ھېساباتقىلا ئېسىلىپ قالماستىن، يەنە جانلىق ھېسابات قىلىش كېرەك. ئۆلۈك ھېساباتقا ئېسىلىپ قالغاندا، مالىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قىيىن بولىدۇ، ئۇنى جانسىز قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، مالىيە چىقىمىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، مالىيە مەنبەسىنىڭ كېڭىيىشىگە ۋە دۆلەت مالىيە كۈچىنىڭ ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، سىياسىي ئۈنۈم جەھەتتىن، ئىجتىمائىي ئۈنۈم جەھەتتىن ھېساب-كىتاب قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەھەتتىن ھېساب-كىتاب قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ۋە ئۈنۈمدارلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى سىياسىي يۈكسەكلىكتە ۋە پۈتكۈل ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مالىيە-باج خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي نىشانى، ئومۇمىي يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ ھەممىدە شۇ بويىچە مالىيە-باجنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىي-

www.uyghurkitap.com

تىگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

تۆۋەندە بىرنەچچە جەھەتتىن مىسال ئېلىپ ئۆتىمەن. قېلىپلاشقان مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش ئارقىلىق رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش چېگرا بويىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ كەڭ بايلىق ۋە بازار بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش زور ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى زور سىياسىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. دۆلەتنىڭ بىر قىسىم مالىيە كىرىمىنى چىقىرىپ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى پارتىيىنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماي، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشنىڭمۇ تەلىپى. ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، قىسقا مۇددەتتىن قارىغاندا بەزى تۈرلەرنىڭ ئۈنۈمى چوڭ بولماسلىقى مۇمكىن، بەزى تۈرلەرگە ھەتتا ئاز-تولا بەدەلسىز ياردەم بېرىشىمىزگىمۇ توغرا كېلىدۇ. كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىزنىڭ خەلقئارادا زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئاساسلىق تايانچ كۈچىمىز، ئۇلارنىڭ مول بايلىق ۋە يوشۇرۇن بازارنى ئېچىپ پايدىلىنىشىغا ياردەم بېرىشىمىز ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغىمۇ ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن، ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئويلىنىشىمىز كېرەك. بىز مالىيە-باج، پۇل مۇئامىلە-سى، تاشقى سودا قاتارلىق ھەرقايسى ساھەدە ئىقتىسادىي خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلار ئىگىزدىرەك تۇرۇپ يىراقنىراق كۆرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن- سىياسىي ئۈنۈم جەھەتتىن ھېساباتنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قالغاندىلا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئىزچىل تەرەققىياتىنى مۇھىم كاپالەتكە ئىگە قىلالايمىز.

**ئىككىنچى، ”قورساقنىمۇ ئىشلەش، قۇرۇلۇشنىمۇ قىلىش“ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.**
دۆلىتىمىز تېخى باي ئەمەس، بەنە كېلىپ ئاھالىسى ناھايىتى كۆپ، شۇڭا مالىيە چىقىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ”قورساقنىمۇ ئىشلەش، قۇرۇلۇشنىمۇ قىلىش“ پرىنسىپىدا ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم. ”خەلق ئۈچۈن ئوزۇق-تۈلۈك ھەممىدىن مۇھىمدۇر“، ئادەم ھامىنى ئالدى بىلەن كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، ئۆي-جاي ۋە قاتناش جەھەتلەردىكى ئاساسىي ئېھتىياجىنى ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن باشقا ئىشلارنى قىلالايدۇ؛ ئالدى بىلەن ھاياتلىق بولغاندىلا، ئاندىن تەرەققىي قىلالايدۇ؛ ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالغاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېلىپ بارالايدۇ. بۇ ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمنىڭ ئەڭ ئاساسىي قائىدىسى. لېكىن ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىش ھەم

بوشاشماي ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس. بىزنىڭ بەزى رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ھەممىشە بۇ ئاساسىي قائىدىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئەسلىدە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىدىغان پۇلنى باشقا ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ، ”سىياسىي نەتىجە قۇرۇلۇشى“ دېگەندەك بىرنېمىلەرگە ئىشلىتىدۇ، ئادەمنىڭ قورساقنى تويغۇزۇشى ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بۇ كۈلكىلىك ۋە ئەخمىقانە ئىش قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟

مالىيە خىزمىتىمىزدە ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىش، كىرىمگە بېقىپ چىقىم قىلىش، تىرىشچان-ئىقتىسادچان بولۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش، قىلىشقا تېگىشلىكنى قىلىش، قىلماسلىققا تېگىشلىكنى قىلماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. لېكىن بەزى جايلار كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا بېرىلىپ كېتىدۇ، مالىيە كۈچى جەھەتتىكى ئىمكانىيەتكە قارىماي، ياكى قەرز ئېلىشقا مالىيىدىن كېپىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ياكى باشقا مەخسۇس ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغلەرنى ئىگەللىۋالىدۇ، باشقا ئېھتىياجلارغا ئىشلىتىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىدۇ. نۆۋەتتە، بەزى جايلاردا مائاشنى كەينىگە سۈرەش مەسىلىسى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ، بۇ مەسىلە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۈكسەك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىشى لازىم. بۇ مەسىلىنى بۈگۈن بىز بۇ يەردە رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدۇق، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېزدىن تېپىپ چىقسۇن.

بۇنىڭدىن باشقا، بەزى جايلار ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئاپپاراتلار كۆپ بولۇش، خادىملار شتاتتىن ئېشىپ كېتىش ئەھۋالىمۇ ئېغىر، بۇمۇ بىزنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى لازىم. بەزى كىشىلەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-ئاغىنىلىرىنى ”مالىيە ئېشى“ بىلەن جان باقسۇن دەپ پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تىقىۋالدى، نەتىجىدە شۇ جاينىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم مالىيە مەبلىغى كىشى بېشىغا ئىشلىتىلىپ، مالىيىدە كىرىم چىقىمنى قامدىيالمايدىغان، بىكار يېتىپ يېگەنگە تاغمۇ توشمايدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، بەلكى ناتوغرا ئىستىللار قايتا-قايتا چەكلەنسىمۇ تۈگىمەيدىغان، ئاممىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدىغان ئەھۋالنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قەدىمكىلەر: ”بايلىق يارىتىشنىڭ ئۆزىگە خاس يولى بار. يارانقۇچىلار كۆپ، خورانقۇچىلار ئاز بولۇشى، ئىشلىگۈچىلەر تىرىشچان، ئىشلەتكۈچىلەر ئىقتىسادچان بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندا بايلىق مەڭگۈ يېتەرلىك بولىدۇ“ دېگەن. بۇ دېگەنلىك، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر كۆپ، مالىيە بىلەن جان باقىدىغان ئادەملەر ئاز بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىغۇچىلار تىرىشچان، بايلىقنى ئىشلەتكۈچىلەر ئىقتىسادچان بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا، بايلىق يېتەرلىك بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئەگەر ئىش ئەكسىچە بولۇپ، ”يارانقۇچىلار ئاز، خورانقۇچىلار كۆپ“ بولسا، مالىيە كۈچى كۆتۈرەلمەيدىغان ئەھۋال چوقۇم كېلىپ چىقىدۇ. بەزى جايلار ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئارتۇقچە خادىملار ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىش مەسىلىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چوقۇم زور كۈچ بىلەن ھەل قىلىش لازىم. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەت بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، خالىغانچە ئادەم قوبۇل قىلىپ، ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنى چوقۇم قانۇن-ئىنتىزام بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، بىز ئاپپارات ئىسلاھاتى ئارقىلىق، ئارتۇقچە خادىملارنى قەتئىي قىسقارتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ھالقىسى قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق قىسقارتىۋېتىلگەن دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە يېڭى خىزمەت ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى تېپىپ بېرىش، بولمىسا قىسقارتىش مەقسىتىگە يېتىش تەسكە چۈشىدۇ، ناھىيە بىلەن يېزا ئىككى دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى ئارتۇقچە خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، يېزىلار بويىچە ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇلارنى تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئالدىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ، بۇنداق قىلغاندا ھەم مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان دېھقان ئائىلىسىگە مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى چوڭ بازارغا يېتەكلىگىلى، دېھقانلارنىڭ ئائىلە بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ھەم ناھىيە بىلەن يېزا ئىككى دەرىجىلىك دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالايدىغان تېخىمۇ كەڭ خىزمەت يولى ۋە تۇرمۇش يولى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم سىياسىي ساپاسى ياخشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ياشلارنى تاللاپ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ۋە مەكتەپلەرنىڭ كۈچىنى تولۇقلىغىلىمۇ بولىدۇ. ھازىر ئاز بولمىغان ناھىيە ۋە يېزىلار مۇشۇنداق قىلدى، ئۇلارنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، كېڭەيتىشكە دىققەت قىلىش لازىم.

**ئۈچىنچى، "ئىككى نىسبەت" مەسىلىسىنى پەيدىنپەي ھەل قىلىش كېرەك.** پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دۆلەت مالىيىسىنى گۈللەندۈرۈپ، مالىيە كىرىمىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگەللىگەن نىسبىتىنى، مەركەز مالىيە كىرىمىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مالىيە كىرىمىدە ئىگەللىگەن نىسبىتىنى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈش نىشانى ۋە ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەملىكىتىمىز 1 مىليارد 250 مىليون ئاھالىگە ئىگە، يېرى كەڭ، ھەرقايسى جايلارنىڭ شارائىتى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ناھايىتى تەكشىسىز. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتە، مەركەز بىلەن جايلار ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يەرلىك مالىيىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش زۆرۈر، لېكىن پۈتۈن مەملىكەتتىن قارىغاندا، مالىيە كۈچىنى ھەددىدىن زىيادە تارقاقلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بىر پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا، مەركەز يېتەرلىك مىقداردىكى ئىقتىسادىي بايلىقنى ئىگەللىشى زۆرۈر، بۇ، مەركەزنىڭ مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قىلىشقا تېگىشلىك بەزى چوڭ ئىشلارنى قىلىشىغا پايدىلىق. ماركس «گوتتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسىرىدە، كەلگۈسى جەمئىيەتتە، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلاتلار ئىچىدىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ خوراپ كەتكەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى

تولدۇرۇۋېلىشقا، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە، ئادەتتىكى باشقۇرۇش خىراجىتىگە، مەكتەپلەر، ساقلىقنى ساقلاش ئىنشائاتلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ئورتاق ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا، بەختسىزلىك ھادىسىلىرى، تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە باشقىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان زاپاس فوند ياكى سۇغۇرتا فوندىغا، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان كىشىلەر ۋە باشقىلار ئۈچۈن تەييارلانغان فوندقا ئىشلىتىش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ماركس ئېيتقان كەلگۈسى جەمئىيەت كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، ماركس، شۇ چاغقا بارغان تەقدىردىمۇ بىر قىسىم بايلىقنى چىقىرىپ جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. ئىقتىساد—مالىيىنىڭ ئاساسى، ئىقتىساد مالىيىنى بەلگىلەيدۇ، مالىيە بولسا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە قوللىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار مالىيە بىلەن ئىقتىسادنىڭ دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشى ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تېخى يۇقىرى ئەمەس، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن دۆلەت مالىيىسىنىڭ تەمىنلەش ئىقتىدارى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنى بىراقلا پۈتۈنلەي ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. "ئىككى نىسبەت"نى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا پەيدىنپەي ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. بىزنىڭ ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى قوللاش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى قوللاش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، كونا سانائەت بازىسى ۋە ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەڭكەش تەرەققىياتىنى قوللاش ۋە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈش، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى سېلىنمىنى مۇناسىپ ھالدا كۆپەيتىشكە، دۆلەت مالىيىسىنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج بولىدۇ. دۆلىتىمىز تەبىئىي ئاپەت دائىم يۈز بېرىدىغان دۆلەت، بۇمۇ مەركەز مالىيىسىنىڭ خېلى كۆپ مىقداردا زاپاس مالىيە كۈچىنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نۆۋەتتىكى دۇنيا تىنچلىنىپ كەتكىنى يوق، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، ۋەتەن زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز زۆرۈر. شۇڭا، دۆلەتنىڭ مۇمكىنقەدەر كۆپرەك مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈۋېلىشى پۈتۈنلەي زۆرۈر، يەنە كېلىپ بۇ ئىشنى جىددىي ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە، ئالدى بىلەن مالىيە-باج تەرتىپىنى تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دۆلەتنىڭ سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە مەركەزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مالىيە كۈچىنى تىرىشىپ ياخشى باشقۇرۇش، ياخشى ئىشلىتىش كېرەك. ھازىر مالىيە تەرتىپىدە تېخى بەزى قالايمىقان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەسىلەن، زور مىقداردىكى مەبلەغ خام چوتتىن سىرتقى، تۈزۈلمىدىن سىرتقى يوللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئېقىپ كېتىش، تارماقلار ئۆز ئالدىغا كىرىم قىلىش، چىقىم قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن مالىيە تەقسىماتىغا قاتنىشىش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، ھەر خىل نامدا سېلىق سېلىش ۋە ئۆز ئالدىغا "كىچىك غەزىنە" قۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللار خېلىلا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋالدى، بەزى جايلار ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ ئۆز مەيلىچە باجنى كېمەيتىدىغان، كەچۈرۈم قىلىدىغان ياكى ئاۋۋال ئېلىپ قويۇپ ئارقىدىن قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار-نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ نورمال مالىيە كىرىمگە، مالىيىنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ۋە مەملىكەت بويىچە ھۆكۈمەت ئەمر-پەرمانلىرىنىڭ بىردەكلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك قىلمىشلىرىنىڭ يۈز بېرىشىگىمۇ تۇپراق ۋە شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇڭا، مالىيىنىڭ تەقسىم قىلىش جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك رولىنى كۈچەيتىش، مالىيە-باج تەرتىپىنى ياخشىلاش، ھۆكۈمەتنىڭ تەقسىم قىلىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، باج-ھەق ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش لازىم. مالىيە-باج ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مۇكەممەل، بىرلىككە كەلگەن مالىيە-باج سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ كىرىم مەنبەسى-نى كېڭەيتىش كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مالىيە-باج ئۈستىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئېلىشقا تېگىشلىك باجنى تولۇق ئېلىپ، سۈنئىي سەۋەبتىن بولغان كىرىم زىيىنىنى تۈگىتىش، مالىيە مەبلىغىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، پايدىلىنىش ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇپ، تېرىشچان، ئىقتىسادچان بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. مۇشۇ مەسىلە ئوبدان ھەل قىلىنسىلا، دۆلەت مالىيىسىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تۈپتىن ياخشىلاش، چىرىكلىك پائالىيەتلىرىنى پەيدا قىلىدىغان تۇپراقنى يوقىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

**تۆتىنچى، مالىيە ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا، باج ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇ-رۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.** مالىيە-باجغا دائىر قانۇن-نىزاملار—ئىقتىسادىي تەرتىپنى قېلىپلاشتۇرۇش، كىرىم تەقسىماتىنى تەڭشەش، ئىقتىسادىي نازارەتنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم قانۇن ۋە تۈزۈمدۇر. بىز خام چوت، باج، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش، مالىيە، بوغالتىرلىق قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتۇق، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار بۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك. دۆلەتنىڭ مالىيە-ئىقتىساد ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، باج ئىشلىرىغا ئائىت قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مالىيە-باج خىزمىتىدىكى قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلار ۋە قېلىپقا چۈشمىگەن ئەھۋاللارغا قەتئىي خاتىمە بېرىش كېرەك. باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭى ۋە قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇش ئېڭىنى كۈچەيتىش، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، باجنى كەينىگە سۆرەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، تۈرلۈك باج ئوغرۇلاش، باج ئالداش ۋە زورلۇق بىلەن باجغا قارشىلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا قەتئىي زەربە بېرىش لازىم. سۆزنى قانۇننىڭ ئورنىغا قويۇشقا، ھوقۇقنى قانۇننىڭ ئورنىغا قويۇشقا، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ باجنى كېمەيتىش، باجنى كەچۈرۈم قىلىشقا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مالىيە-باجغا

دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇكەممەل، ئايلىنىشى تەرتىپلىك بولغان مالىيە-باج
قانۇن-نىزاملىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، مالىيە ئىشلىرىنى
قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، باج ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.
جەمئىيەتنىڭ تۈنجى قېتىملىق تەقسىماتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك كىرىملەرنىڭ ئوچۇقلۇق دەرىجە-
سىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. باج ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باج ئېلىش ۋە باج ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. باج تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، باج نىسبىتىنى تەڭشەش
كېرەك. شەخسلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى كىرىمىنى تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، شەخسلەردىن تاپاۋەت
بېجى ئېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. غەيرىي نورمال ئىستېمالنى چەكلەپ، ئومۇمنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ
چېچىشقا قارشى تۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باج سىياسىتىنى تەرەققىياتنى قوللاش، باج مەنبەسىنى
يېتىشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بەزى جايلارنىڭ باج ئېلىش داۋامىدا ئۆز مەيلىچە بەزى نامۇۋاپىق
ئۇسۇللارنى قوللىنىش بىلەن كارخانا ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى
ئېلىشقا دىققەت قىلىش لازىم. زامانىۋى پەن-تېخنىكا كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، باج
ئېلىش ۋە باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن،
باج ئېلىش ۋە باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋاستىلىرىنى پائال قوللىنىش كېرەك.
مالىيە-باج كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسىنىڭ قانداقلىقى دۆلەت
مالىيە-باج خىزمىتىنىڭ سۈپىتىگە ۋە مالىيە-باج سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك،
شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باشقا سىياسەت-تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغاچ-
قا، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. مالىيە-باج كادىرلىرى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە
باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتىكى
ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى ئاشۇرۇشى لازىم؛ خەلق ئۈچۈن مالىيىنى باشقۇرۇش، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش
ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن جان كۆيدۈرۈپ
ئىشلىشى، ساغلام روھلۇق، پاك-دىيانەتلىك بولۇشى لازىم؛ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىنى
چىقىش قىلىپ مالىيە-باج خىزمىتىنى تونۇش ۋە ئۇنى ياخشى ئىشلەشكە ماھىر بولۇشى لازىم؛ دۆلەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مالىيە-باج خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن
ھالدا مالىيە-ئىقتىساد جەھەتتىكى زور مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە،
ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ سىياسەت بەلگىلىشى ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك
پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مالىيە-باج كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت
بېرىپ، ئىدىيە جەھەتتىن، تۈزۈم جەھەتتىن، باشقۇرۇش جەھەتتىن كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ،
سىياسىي جەھەتتە پىشقان، كەسىپكە ئۇستا، ئىستىلى ياخشى بولغان مالىيە-باج كادىرلىرى قوشۇنىنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشى لازىم.

www.uyghurkitap.com

# يېڭى دەۋردىكى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدىكى بىرنەچچە مەسىلە*

لى رۇيخۇەن

## بىرلىك سەپ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇل تېشى

بىز دائىم، بىرلىك سەپ ناھايىتى مۇھىم، ئۇ تەڭداشسىز رولغا ئىگە، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئەڭگۈشترى، بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ...دەيمىز. بۇ خىل قاراشلارنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى نېمە؟ شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇ نۇرغۇن يولداشلارغا ئېنىق، بىراق بەزى يولداشلارغا تازا ئېنىق ئەمەس ياكى چۈشەنچىسى بىردەك ئەمەس. ھالبۇكى، بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە، ئۇ بىرلىك سەپنىڭ ئورنىغا، بىرلىك سەپنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە، بىرلىك سەپنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك.

ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئىككى ئاساسىي كۆزقارىشى بار، بىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى كۆزقارىشى، يەنە بىرى ئاممىۋى كۆزقاراش. ئىشلەپچىقىرىش كۈچى كۆزقارىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بەردى، بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىمىز دېگىنىمىزدە، دەسلەپكى باسقۇچ، تۈپ ۋەزىپە، ئاساسىي لۇشيەن ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئاساسلىقى مۇشۇ كۆزقاراشنى ئاساس قىلدۇق. ئاممىۋى كۆزقاراش خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى يارىتىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بەردى، بىز تارىخنى ئالغا سىلجىتىدىغان ھەرقانداق ئىش خەلقنىڭ ئىشى، تارىخنى يارىتىدىغان ھەرقانداق جەريان چوقۇم خەلقنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بولىدۇ، ھەممىدە خەلقنى كۆزدە تۇتىمىز، ھەممىدە خەلققە تايىنىمىز دېگىنىمىزدە، ئاساسلىقى مۇشۇ كۆزقاراشنى چىقىش قىلدۇق. ئىلغار پارتىيە ۋە ئۇنىڭ داھىيلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇكى، ئۇلار خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئىگە بولىدۇ. بىز كوممۇنىستلار دەۋاتقان "پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش" خەلققە بىر نەرسە "شاپائەت قىلىش" ئەمەس، بەلكى خەلق ئارىسىدىكى نىسبەتەن ئىلغار بولغان بىر قىسىم كىشىلەر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۇلارنى ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش، باشلاش، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، يەنىلا خەلقنىڭ ئۆزىنى

---

* بۇ ماقالە يولداش لى رۇيخۇەن 1999-يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى بىرلىك سەپ نەزەرىيىسى تەتقىقات كۇرسىنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى. ژۇرنىلىمىز ئېلان قىلغاندا قىسقارتىلىپ ماۋزۇ قوشۇلدى.

ئۆزى ئازاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز كوممۇنىستلارنىڭ تۈپ پرىنسىپى — خەلققە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى تونۇتۇش ھەمدە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇزۇش.

خەلق دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس، ئۇ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ئىگە. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەن: "ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە بارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سىنىپ، تەبىقە ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى خەلق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ، ياپون جاھانگىرلىرى، ساتقىنلار، ياپونپەرەسلەرنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ دۈشمىنى. ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى يەنى بيۇروكرات بۇرژۇئازىيە، پومېشچىكلار سىنىپى ھەمدە بۇ سىنىپلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ دۈشمىنى؛ مۇشۇ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق سىنىپ، تەبىقە ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى خەلق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. ھازىرقى باسقۇچتا، سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان دەۋردە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ياقلايدىغان، ھىمايە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان بارلىق سىنىپ، تەبىقە ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى خەلق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ؛ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا قارشى تۇرىدىغان ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان، بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ دۈشمىنى." ماۋجۇشىنىڭ بۇ ئابزاس گېپىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، خەلق ئۇقۇمىنى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ چوڭ نىشانى بەلگىلەيدۇ، چوڭ نىشان ئۆزگىرىدىكەن، خەلق ئۇقۇمىمۇ ئۆزگىرىدۇ. بىراق چوڭ نىشان ۋە خەلق ئۇقۇمى قانداق ئۆزگەرمىسۇن، خەلق تارىخنى يارىتىدۇ دېگەن بۇ ئاساسىي كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، چوڭ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن بۈيۈك ئىتتىپاقلىق بولۇشى زۆرۈر، بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوڭ نىشان بولۇشى زۆرۈر دېگەن بۇ قائىدىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. خەلق ھەمىشە ئوخشاش بولمىغان سىنىپ، تەبىقە ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارغا بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ھەمىشە جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي ئاممىمۇ، باشقا تەرەپلەردىكى ئادەملەرمۇ بولىدۇ. باشقا تەرەپلەردىكى بۇ ئادەملەر چوڭ نىشان جەھەتتە بىز بىلەن ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە، بىراق ئېتىقاد جەھەتتە، دۇنياقاراش جەھەتتە، كونكرېت مەنپەئەت ۋە تەلەپ جەھەتتە بىز بىلەن تولۇق بىردەكلىككە ئىگە ئەمەس. بۇ ئادەملەرنىڭ ئومۇمىي سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق ئىجتىمائىي ئىقتىدارى ۋە سىياسىي تەسىرى خېلى بار بولۇپ، چوڭ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزدا ئالاھىدە رولى بار. بىز دەۋاتقان خەلق ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، "خەلق تارىخنى يارىتىدۇ" دېگەندىكى خەلق ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، "ھەممىدە خەلقنى كۆزدە تۇتىمىز، ھەممىدە خەلققە تايىنىمىز" دېگەندىكى خەلقمۇ ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز باشتىن-ئاخىر ئاساسىي ئاممىغا تايىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق، بىراق باشقا تەرەپلەردىكى ئادەملەر بولمىسا، بىزنىڭ "خەلقىمىز" بىر ئومۇمىي گەۋدە بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ، بىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىمىز "بۈيۈك ئىتتىپاقلىق" بولالمايدۇ. ئۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، كومپارتىيە ئىچىدىكى ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، ئادەتتىكى ئاممىۋى خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ، پەقەت ئۇلار بىلەن بىرلىك سەپ تۈزۈش ئۇسۇلىنىلا قوللىنىشقا توغرا

كېلىدۇ، يەنى ئوخشاشلىقتا بىرلىككە كېلىش، ئوخشىماسلىقنى ساقلاپ قېلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئىشلەش، باراۋەرلىك ئاساسىدا مەسلىھەتلىشىش، دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىشىپ، چوڭ نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىش يولىنى تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىز پۈتۈن خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ئارزۇسىغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايمىز، ئاندىن ئۇلۇغ ئىشىمىزنى ئورۇندىيالايمىز؛ پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتلىرى ئاندىن ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ۋە تەسىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ، ئاندىن خەلقنىڭ تارىخ يارىتىش مۇساپىسىگە ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشالايدۇ.

يېڭى دەۋردە، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، بىرلىك سەپ ئاساسلىقى سىنىپىي كۈرەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئاساسلىقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بۇرۇلدى، خىزمەت دائىرىسى ياكى خىزمەت مەزمۇنىدا بولمىسۇن زور ئۆزگىرىش بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئاساسەن تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "بىرلىك سەپ يەنىلا مۇھىم بىر ئەڭگۈشتەر، بۇنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، بەلكى كۈچەيتىش كېرەك، تارايتىۋېتىشكە بولمايدۇ، بەلكى كېڭەيتىش كېرەك". بىرلىك سەپ "بىرلەشتۈرۈشكە بولىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك، دائىرىسى كەڭرەك بولغىنى تۈزۈك، دائىرىسى تار ئەمەس كەڭ بولسا پايدىلىق." ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "بىزنىڭ بىرلىك سەپىمىز ئۆتكەنكى ھەرقانداق مەزگىلدىكىدىن كېڭەيدى، ئۇ بارلىق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەر بىرلىك سەپتۇر." ئۇ شياڭگاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا: "ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئۆلچىمى—ئۆز مىللىتىنى ھۆرمەتلەش، ۋەتەننىڭ شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىش، شياڭگاڭنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك. پەقەت مۇشۇ شەرتلەرنى ھازىرلىسىلا، كاپىتالىزمغا ئىشىنىدىغان ياكى فېئودالىزمغا ئىشىنىدىغان ھەتتا قۇللۇق تۈزۈمنى قوللايدىغان ئادەممۇ ۋەتەنپەرۋەر ھېسابلىنىدۇ." مۇشۇ بايانلار يېڭى دەۋردىكى بىرلىك سەپنى مىسلىسىز كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ھەم جۇشقۇن يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇشۇ بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، بىرلىك سەپنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، بىرلىك سەپنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، بىرلىك سەپتىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەرنى يېڭى ۋەزىيەتتە تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

## بىرلىك سەپ خىزمىتىدىكى بىر پرىنسىپ

بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم پرىنسىپنى ئىگىلەش كېرەك، بۇنى مەن بۇ يەردە ئومۇميۈزلۈك بايان قىلمايمەن، بىراق مېنىڭ قارىشىمچە، نۆۋەتتە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش

زۆرۈر بولغان ناھايىتى مۇھىم بىر پرىنسىپ بار، ئۇ بولسىمۇ ئوخشاشلىقتا بىرلىككە كېلىش، ئوخشىماسلىقنى ساقلاپ قېلىش، بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش، كەڭ قورساقلىق قىلىش پرىنسىپى.

بىرلىك سەپ «ئوخشاشلىق» بىلەن «ئوخشىماسلىق»نىڭ زىددىيەتلىك بىرلىكى. «ئوخشاشلىق» ئاساسلىقى بىرلىك سەپ تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئورتاق نىشان ۋە تەلىپى. «ئوخشاشلىق» بولمىسا، بىرلىك سەپ قۇرغىلى بولمايدۇ. «ئوخشىماسلىق» ئاساسلىقى بىرلىك سەپ تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئېتىقاد، دۇنياقاراش، كونكرېت مەنپەئەت ۋە تەلەپ جەھەتتە ۋە باشقا جەھەتلەردە ساقلانغان پەرقلىرى. «ئوخشىماسلىق» بولمىسا، بىرلىك سەپ قۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىرلىك سەپ خىزمىتىدە ھەم «ئوخشاشلىقتا بىرلىككە كېلىش»، ھەم «ئوخشىماسلىقنى ساقلاپ قېلىش» كېرەك، بىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىرلىك سەپنىڭ بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى «ئوخشاشلىقتا بىرلىككە كېلىش». كومپارتىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوخشاشلىقتىن ۋاز كېچىش نىشاندىن ۋاز كەچكەنلىك، رەھبەرلىكتىن ۋاز كەچكەنلىك، خىزمەتتىن ۋاز كەچكەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، بىرلىك سەپ خىزمىتىدە سىياسىي جەھەتتە قەتئىيلىكنى ساقلاپ، مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، تەربىيىلەش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، بىرلىك سەپ ئوبيېكتلىرىنىڭ ئورتاق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ۋە ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك؛ چوڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىسىز، ئورتاق سىياسىي ئاساسقا زىيان سالىدىغان خاھىشلارغا نىسبەتەن سەمىمىيلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش، قىزغىنلىق بىلەن ۋاقتىدا تۈزىتىشىلىشقا ياردەم بېرىش كېرەك. بىرلىك سەپتىكى بىر مۇھىم مەسىلە «ئوخشاشماسلىقنى ساقلاپ قېلىش». بىرلىك سەپتە بەزى ئوخشىماسلىقلارنى خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق چەكلەش، كىچىكلىتىش ھەتتا ئوخشاشلىققا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن، بىراق يەنە بەزى ئوخشىماسلىقلار ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك ھەم مۇمكىن. مەسىلەن، پارتىيە-گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىق، ئېتىقادلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىق، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىق، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىق ۋەھاكازالار. بەزى ئادەملەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئوخشىماسلىق مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىرلىك سەپ ئوبيېكتى بولغان. ئەگەر بۇ ئوخشىماسلىقلار ئىنكار قىلىنسا، «ئوخشىماسلىقنى ساقلاپ قېلىش»قا يول قويۇلمىسا، بىرلىك سەپنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسىمۇ ئىنكار قىلىنغان بولىدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدىن، بىرلىك سەپنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، ئوخشاشلىقتا بىرلىككە كېلىشكە سەل قارايدىغان خاتالىق بولغان، بىراق ئاساسىي خاتالىق يەنىلا ئوخشىماسلىقنى ساقلاپ قالالماسلىقتىن ئىبارەت بولغان. «بىر خىل بولۇش»، «ئىنتايىن ساپ بولۇش»نى قوغلىشىش ئارقىسىدا، پارتىيىمىز زور زىيانلارنى تارتقان. ئوخشىماسلىقنى ساقلاپ قېلىش-ساقلاپ قالالماسلىق، ئوخشىماسلىقنى ساقلاپ قېلىشقا جۈرئەت قىلىش-جۈرئەت قىلالماسلىق، ئوخشىماسلىقنى ساقلاپ قېلىشقا ماھىر بولۇش-ماھىر بولالماسلىقتا بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش-يېتەلمەسلىك، كەڭ قورساقلىق قىلىش-قىلالماسلىق ناھايىتى مۇھىم بىر شەرت ھېسابلە-

www.uyghurkitap.com

نىدۇ. بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىشلەشتە كەڭ قورساقلىق قىلىش، بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش، مەردلىك قىلىش، ”بىخۇدلۇق قىلىش“ كېرەك، چىداپ ئاڭلىيالايدىغان بولۇش، يول قويالايدىغان بولۇش، كۆڭۈلگە ئالمايدىغان بولۇش كېرەك. بەزى ئادەملەر ئوتتۇرىغا قويغان ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ھەتتا نىسبەتەن قاتتىق تېگىدىغان، ئۆتكۈر پىكىرلەرنىمۇ چىداپ ئاڭلىيالايدىغان بولۇش؛ بەزى ئادەملەرنىڭ ئېتىقاد، دۇنياقاراش ھەمدە تەپەككۇر ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتلەردە بىزدىن پەرقلىق بولۇشىغا يول قويالايدىغان بولۇش؛ بىزگە قارشى تۇرغان ھەم قارشى تۇرغانلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ئادەملەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغاندا، كۆڭۈلگە ئالمايدىغان بولۇش كېرەك. بۇ—بىزنىڭ كەڭ قورساقلىقىمىز، بىزنىڭ مەردلىكمىز، شۇنداقلا بىزنىڭ پرىنسىپىمىز ۋە خىسلىتىمىز. جۇڭگو كومپارتىيىسى 70 نەچچە يىللىق ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىگە ۋە 50 يىللىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخىغا ئىگە چوڭ پارتىيە، ئۇ نۆۋەتتە بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ھەم پەۋقۇلئاددە جاپالىق، مۇرەككەپ ئۇلۇغ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. شۇڭا بىزدە بۇرۇنقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان يىراقنى كۆرەلەيدىغان كۆز ھەم كەڭرى كۆڭۈل بولۇش كېرەك. چوڭ ۋەزىيەتكە، ئۇلۇغ مەقسەتكە، چوڭ نىشانغا تەسىر قىلمايدىغان بارلىق ”ئوخشىماسلىق“لارنىڭ ھەممىسىنى توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇشىمىز لازىم. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندا، بىرلىك سەپ ئاندىن جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ، ئاندىن بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، چوڭ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلغىلى بولىدۇ.

## بىرلىك سەپ كادىرلىرىغا قويۇلىدىغان بىر شەرت

بىرلىك سەپ كادىرلىرىدىن باشقا خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلارغا ئوخشاش نۇرغۇن جەھەتلەردە، مەسىلەن ئىدىيىۋى ئاڭ، مەدەنىيەت ساپاسى، ئىش بېجىرىش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاساسىي شەرتلەرنى ھازىرلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىراق بىرلىك سەپ كادىرلىرى يەنە بەزى ئالاھىدە شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرى پەزىلىتى ياخشى بولۇش، چىقىشقاق بولۇش، ئوبرازى ياخشى بولۇشتىن ئىبارەت.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىز ئادەم بىلەن ھەپىلىشىشتە بىرىنچىدىن ھەققەتەننىڭ كۈچىگە تايىنىمىز، ئىككىنچىدىن پەزىلەتنىڭ كۈچىگە تايىنىمىز. ھەققەتنىڭ كۈچى دېگىنىمىز تەشۋىق قىلىنىۋاتقان، تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئىپادىلىشى، ئىجتىمائىي ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلىشى، دەۋر ئېقىمىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىدىن ئىبارەت؛ پەزىلەتنىڭ كۈچى دېگىنىمىز ئۆزى ئۈلگە بولۇش، ئورتاق نىشان ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىش، تەسىرلەندۈرۈش ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇش، خەقلەرنى چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ،

رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان قىلىش دېگەنلىكتۇر. بىز خىزمەتتە دائىم مۇنداق ھادىسىلەرنى كۆرۈۋاللايمىز: ئوخشاش بىر گەپ بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقسا ئۇن گۆھەرگە تېتىيدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقسا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ؛ ئوخشاش بىر ئىشنى بەزىلەر بېجىرسە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، يەنە بەزىلەر بېجىرسە ناھايىتى تەس بولىدۇ.

بىرلىك سەپ كادىرلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپتە پەزىلىتى ياخشى بولۇش، چىقىشقاق بولۇش، ئۇبرازى ياخشى بولۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەشتىكى سەۋەب شۇكى، بىرلىك سەپ خىزمىتى ئادەم بىلەن ئالاقىلىشىدىغان، ئادەملەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان خىزمەت، ئەگەر باشقىلار سىنى كۆرۈپ بىئارامسىزلىق ھېس قىلسا، سەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ سىنىڭ تېزراق يوقىلىشىڭنى ئۈمىد قىلسا، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا "پارچىلىنىش" ئامىلى بولۇپ، بۇنداقتا قانداقمۇ ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشقىلى، قانداقمۇ ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغىلى بولسۇن؟ بىرلىك سەپ خىزمىتىدە دائىم ئىشلىتىۋاتقان ئۇسۇل باراۋەر ئاساستا مەسلىھەت قىلىش ئۇسۇلى، ئەگەر سەن ئۆزەڭنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويۇپ ھاكىممۇتلەقلىق قىلساڭ، شەخسىي پىكرىڭنى باشقىلارغا تاڭساڭ، قانداقمۇ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئىش قىلالايسەن؟ بىرلىك سەپ خىزمىتى باشلامچىلىق قىلىشقا، تەسىر كۆرسىتىشكە تايىنىپ قىلىدىغان خىزمەت، ئەگەر سىنىڭ سۆز بىلەن ھەرىكىتىڭ بىر بولمىسا، ئۆزەڭ ئۈلگە كۆرسەتمىسەڭ، باشلامچىلىق قىلمىساڭ، سەن سۆزلىگەن سۆزلەر قانداقمۇ باشقىلارنى قايىل قىلالىسۇن؟ بىرلىك سەپ كادىرلىرىنىڭ كۆۋرۈكلۈك، رىشتىلىك رولى بار، ئەگەر سىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىڭ پارتىيىنىڭ مەقسىتىگە خىلاپ بولسا، باشقىلارغا پارتىيىنىڭ توغرىلىقىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدۇرالمىسا، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرى قانداقمۇ ياخشى ئەمەلىيلىشەلىسۇن؟ شۇڭا، پەزىلەت مەسىلىسى، چىقىشقاقلىق مەسىلىسى، ئۇبراز مەسىلىسى بىرلىك سەپ كادىرلىرىغا نىسبەتەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان كىچىك مەسىلە ئەمەس، بەلكى بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش-ئېرىشەلمەسلىكىگە، بىرلىك سەپنىڭ مۇستەھكەملىنىش-مۇستەھكەملىنەلمەسلىكىگە، تەرەققىي قىلىش-قىلالماسلىقىغا بېرىپ تاقىلىدىغان زور مەسىلە. بىرلىك سەپ خىزمىتىدە پەزىلەتنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش—پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە مۇھىم تەجرىبىسى. جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخىدا، زور بىر تۈركۈم پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ ھەر خىل خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىپ پارتىيىمىز بايرىقى ئاستىغا يىغىلىپ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى چىن كۆڭلىدىن قوللىغانلىقى، بىز بىلەن سەمىمىي ھەمكارلىشىپ، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرگەنلىكى، دەرۋەقە، پارتىيىمىزنىڭ توغرا سىياسىي تەشەببۇسى بولغانلىقىدىن بولغان، ئەينى ۋاقىتتا پارتىيىمىزدە يولداش جۇ ئېنلەيگە ئوخشاش نۇرغۇن پەزىلەتلىك، سېھرىي كۈچكە ئىگە يولداشلارنىڭ بولغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. پارتىيە سىرتىدىكى نۇرغۇن دوستلار، يولداش جۇ ئېنلەي بىلەن بىرگە بولساق كۆڭلىمىز ناھايىتى ئېچىلىپ قالىدۇ، دېدى. ھازىرقى بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىتىدا، ئوبيېكتىدا، ۋەزىپىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى ۋە مۇھىم تەجرىبىنى قەتئىي ئۇنتۇماسلىق، قەتئىي يوقىتىۋەتمەسلىك كېرەك، ئۇنىڭغا چوقۇم تىرىشىپ ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ بىرلىك سەپ كادىرلىرى قوشۇنى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى، ئۇلار پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىنى سادىقلىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن قان-تەرىنى سەرپ قىلدى، زور تۆھپە قوشتى، پارتىيە سىرتىدىكى دوستلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بىراق شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىرلىك سەپ كادىرلىرى قوشۇنىدىكى بەزى ئادەملەردە خېلى كۆپ ئىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ راست. ئومۇمىي ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرلىك سەپ ئورۇنلىرى كەمبەغەل ئورۇن، كادىرلارنىڭ چىرىكلىشىش ئەھۋالى نىسبەتەن ئاز، ئەلۋەتتە، مەسىلە يوقمۇ ئەمەس، بىراق بەزى ئادەملەرنىڭ پارتىيە سىرتىدىكى دوستلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئوبرازىنىڭ ئانچە ياخشى بولماسلىقى مەسىلىسى بەكرەك گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. بەزىلەر باشقىلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرمايدۇ، كۆچىگە تايىنىپ ئادەمنى باسىدۇ، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار ھەتتا پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ رەھبەرلىرىگە ئانچە ھۆرمەت قىلمايدۇ؛ بەزىلەر باشقىلارغا سەممىي مۇئامىلىدە بولمايدۇ، سىپايىگەرچىلىك قىلىدۇ، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار تەلەپ قىلغان ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويىدۇ؛ بەزىلەر كەمتەر ئەمەس، ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ تۇرۇۋالىدۇ، ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئاڭلىمايدۇ؛ بەزىلەر قىزغىن ئەمەس، سوغۇق چىراي بولۇپ، خەقلەرنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. بۇنداق كادىرلار بىرلىك سەپ خىزمىتىنى قانداقمۇ ياخشى ئىشلىيەلىسۇن؟

يولداش دېڭ شياۋپىڭ، ئادەم تاللاش مەسىلىسىدە، ئوبرازغا دىققەت قىلىش، جامائەتنىڭ ئومۇمىي پىكرىگە دىققەت قىلىش، ئادەمنى خاتىرجەم قىلالايدىغان بولۇش كېرەك، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن. بۇ ئىدىيە بىرلىك سەپ ئورۇنلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە بىرلىك سەپ ئورۇنلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىرلىك سەپ كادىرلىرىغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىشى، پارتىيە سىرتىدىكى دوستلار ئارىسىدا ئوبرازى ياخشى كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، قايتا-قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئادەملەرنى ۋاقتىدا تەڭشەپ يۆتكىۋېتىشى كېرەك. بىرلىك سەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈپ، تەربىيىلىنىشكە دىققەت قىلىپ، تىرىشىپ ئۆزىنى مۇلايىم، چىقىشقاق، پارتىيە سىرتىدىكى دوستلار ياقتۇرۇپ قارشى ئالىدىغان لاياقەتلىك بىرلىك سەپ كادىرى قىلىپ چىقىشى كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندا، بىزنىڭ بىرلىك سەپ ئىشلىرىمىزدىن ئاندىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

# پارتىيىمىزنىڭ بارلىق كۈرەشلىرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ

—— جياڭ زېمىننىڭ گۇاڭدۇڭدا خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

**لى چاڭچۈن**

يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا گۇاڭدۇڭدا خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقىتتا شۇنى تەنتەنىلىك ھالدا پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويدىكى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىمىز قانداق قىلىپ باشتىن-ئاخىر جۇڭگو ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنىڭ، جۇڭگو ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنىڭ، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇپ چىقىشى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان زور نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە ئەمەلىي مەسىلىدۇر. يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ سۆزىدە ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقى ھەم ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەزمەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ماس كېلىشى، ئۈستقۇرۇلما جەزمەن ئىقتىسادىي بازىسقا ماس كېلىشى لازىم دېيىلگەن ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئۇيغۇن، ھەم پارتىيىمىزنىڭ ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىشنى چىقىش قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ 70 نەچچە يىللىق تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، يېڭى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن. يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتكە ۋە گۇاڭدۇڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

## باشتىن-ئاخىر ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىشنى پارتىيىمىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ

www.uyghurkitap.com

# ئاۋانگارت ئەترىتلىك خاراكتېرى بەلگىلىگەن

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا، قايسىبىر سىنىپ، قايسىبىر پارتىيە ياكى سىياسىي تەشكىلات ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلغان بولسا، ئۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۆنىلىشىگە ۋە يۈزلىنىشىگە ماسلاشقان، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتقا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تەشەببۇسكارلىقنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىېلىشى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇششاق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئالاھىدىلىك قىلغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىدىن بولغان. فېئودالىزمنىڭ ئورنىنى كاپىتالىزمنىڭ ئىېلىشى بۇرژۇئازىيىنىڭ ماشىنىلاشقان يىرىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى بەلگە قىلغان يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىدىن بولغان. سوتسىيالىزمنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا جەزمەن كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئىېلىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل شۇ يەردىكى، كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق بىلەن ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاخىرقى ھېسابتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ؛ يىرىك سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پرولېتارىيات يېڭى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقىدۇ. بۇ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلالىشىدىكى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلالىشىدىكى تۈپ سەۋەبدۇر.

ماركسىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش تەلىماتى شۇنى ئېنىق تەكىتلەيدۇكى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى ئىلغار كىشىلەردىن تەركىب تاپقان، ئۇ باشتىن-ئاخىر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىشى شەرت. ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋەكىلى، ئىنسانلار تارىخىدا ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلابىي سىنىپ بولغان ئىشچىلار سىنىپى بولسا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەمدە تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىپ، بارلىق سىنىپ ۋە سىنىپ پەرقلىرىنى يوقىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى ۋە ئالىي مەنپەئىتى دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولغان كومپارتىيىنىڭ ئىلغارلىقى ئىلمىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلغانلىقى، قاتتىق تەشكىلىي ئىنتىزامغا ئىگە بولغانلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى، ئالىي مەنپەئىتىنى نامايان قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىدىغانلىقىدا،

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ماددىي بايلىق بىلەن مەنىۋى بايلىق يۇكسەك دەرىجىدە مول بولغان كوممۇنىزم نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك پارتىيىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن، ئۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە كۈرەش نىشانى بىلەن بىردەك.

پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدىن قارايدىغان بولساق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيىنى قۇرغان 70 نەچچە يىلدىن بۇيانقى بارلىق تىرىشچانلىق ۋە كۈرەشلىرى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇ پارتىيىمىزنىڭ باشتىن-ئاخىر كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە، ئۇيۇشۇش كۈچىگە ۋە جەڭگىۋار كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنىڭ، باشتىن-ئاخىر خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبىدۇر. يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتىيىدىلا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: جۇڭگودىكى بارلىق پارتىيىلەرنىڭ سىياسىتى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ جۇڭگو خەلقى ئىچىدە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى، چوڭ-كىچىك بولۇشى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ياردىمىنىڭ بولغان-بولمىغانلىقىغا ۋە ياردىمىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولغانلىقىغا باغلىق، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوغۇپ قويغانلىقى ياكى ئازاد قىلغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، پارتىيىمىز خەلققە ”مۇشتۇمزورلارنى ئاغدۇرۇپ، يەرلەرنى تەقسىم قىلىش“نى، ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى چاقىرىق قىلىشى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ئاساسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىشنى مەقسەت قىلغانىدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىمىز بىرقەدەر ئارقىدا قالغان ئاساستا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ماددىي ۋە تېخنىكا ئاساسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى. ئەمما كېيىنكى بىر مەزگىلدە خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، ”سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش“، ”پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش“ دېگەن شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىگە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئىگىلىكىمىز ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئىناۋىتىگە ناھايىتى زور تەسىر يەتتى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار زور نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى يېڭىباشتىن تونۇشقا ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا يېتەكلىدى، بولۇپمۇ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى يوقىتىش، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى

ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىنى ئاچتى. پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملىق تەڭشەپ تۇرۇشى ۋە ئۆزگەرتىشى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا دۇنيا كۆز يۇمغۇسىز غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ئىلغارلىقى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىمۇ يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى. بۇلۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ «سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقى»نى پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى ئۆلچەشنىڭ تۈپ ئۆلچىمى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن يەنىمۇ شەرھلەپ بېرىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇشىغا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىشقا قەتئىي تەۋرەنمەي يېتەكلىشىگە ئىدىيىۋى ئاساس سالدى.

قىسقىسى، پارتىيىمىزنىڭ 70 نەچچە يىللىق تارىخىي تەجرىبىلىرى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلغاندىلا، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئاندىن گۈللىنىپ تەرەققىي تاپىدۇ، ئەگەردە بۇ تەلەپكە زىت يولنى تۇتىدىكەنمىز، ئىشلىرىمىز ئەگرى يولغا مېڭىپ قېلىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا تونۇشىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاڭلىقلىق بىلەن بويسۇنۇپ، ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاڭلىق ھالدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشىمىز كېرەك.

## پارتىيىمىزنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىشى ئاساسلىقى توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ

تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزملىق پارتىيە ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بويىچە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشى كېرەك. تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئارقىلىق ئىشقا

ئاشۇرۇلدۇ. لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر توغرا بولىدىكەن، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر توغرا بولمايدىكەن، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

يېڭى دەۋرگە كىرگەندىن بۇيان، پارتىيىمىز ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئېچىش جەريانىدا، زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمى—دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈردى، ھەمدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى، ئاساسىي پروگراممىسىنى، تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى، شۇنىڭدەك تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. قىسقىغىنا 20 يىل ئىچىدە دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدە يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى: ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدى ھەمدە داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، پارتىيىمىز يېڭى دەۋردە شەكىللەندۈرگەن ۋە تۇرغۇزغان ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي پروگرامما ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى مەركەزلىك ھالدا جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئىلغار خاراكتېرىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا، خەلقىمىزنىڭ باياشاتلىققا ئىگە بولۇشىغا، مىللىتىمىزنىڭ گۈللىنىشىگە، جەمئىيىتىمىزنىڭ مەدەنىيلىك، تەرەققىيات يولىدا ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىپ بېرىدۇ.

يەرلىك پارتكوم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، پارتىيىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىش خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەتراپلىق، توغرا ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي پروگراممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ساداقەتلىك بىلەن ئاكتىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. گۇاڭدۇڭنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى دەل دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ زور ئىشلارنى قىلىش ئەۋزەللىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدىن، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەرلىك پارتكوملار چوقۇم ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىيەت ئېڭىنى تىكلەپ، ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇش، كىچىك ئومۇمىيەتنى چوڭ ئومۇمىيەتكە بويسۇندۇرۇش تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈشى، سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاش-

تۈرۈشى، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق قوغدىشى، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، خىزمەتلەرنى ئىجادىي ھالدا قانات يايدۇرۇپ، يەرلىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ھەر تەرەپلىمە ئىلگىرى سۈرۈپ، مەملىكىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇمىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلىشلا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. يېقىندا مەركەز غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ئىستراتېگىيىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش رايونلارنىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. گۇاڭدۇڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بۇ تەرەققىيات ئومۇمىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاڭلىق بويسۇنۇپ، كەسپلەرنى يۆتكەش ۋە رايونلار ھەمكارلىقى قاتارلىق بازار ئىگىلىكىگە خاس ۋاستە ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى باشلامچى بولۇپ ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ، دۆلەتنى غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىشى لازىم.

ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىش ئۈچۈن، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈش، چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئاساسلىق زېھنىي كۈچنى ئىستراتېگىيىگە ئائىت مەسىلىلەرنى تۇتۇش، ئومۇمىيلىققا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ماكرو جەھەتتىن تەدبىر بەلگىلەش تەرەپلىرىگە قارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن كونكرېت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى تىزگىنلەش ۋە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ”يېڭىلىق يارىتىش ئەۋزەللىكنى يارىتىپ، يەنە بىر بالداق ئۆرلەش“ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى باشلامچى بولۇپ ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپى بويىچە، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ”يېڭىلىق يارىتىش ئەۋزەللىكنى يارىتىش“نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئوي-پىكىر ۋە تەدبىر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى باشلامچى قىلىش، گۇاڭدۇڭنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ”ئۈچ چوڭ ئىستراتېگىيە“نى تۈزۈپ چىقتى، تۈزۈلمە، كەسىپ، ئېچىۋېتىش، پەن-تېخنىكا قاتارلىق تۆت جەھەتتە ئەۋزەللىكنى يارىتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەمدە ئالاھىدە رايونلاردا ۋە جۇجياڭ دېلتىسى رايونلىرىدا 2010-يىلى ئەتراپىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى باشلامچى بولۇپ ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇ رايونلارنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆلكە بويىچە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، بۇنى باش نىشان ۋە باش ۋەزىپە قىلغان ھالدا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ خىزمىتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، گۇاڭدۇڭ ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يەنە ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ يېڭى باسقۇچىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە ۋە يېڭى قىيىنچىلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى بولۇپمۇ 15-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، گۇاڭدۇڭنىڭ ئەھۋالىمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش بولدى: ئىسلاھات پىلانلىق ئىگىلىك كونا تۈزۈلمىسىنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاشتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ۋە مېخانىزمىنى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىشقا ئۆتتى؛ تەرەققىيات سۈرئەت ۋە كۆلەمنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىشتىن سۈپەت ۋە ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىشقا ئۆتتى؛ كۆزلەنگەن ۋەزىپىمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى نىشان قىلىشتىن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى باشلامچى بولۇپ ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىشقا ئۆتتى. ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بەزى يېڭى قىيىنچىلىق ۋە يېڭى مەسىلىلەر بارلىققا كەلدى، ئاسىيادىكى پۇل مۇئامىلىسى كرىزىسى سىرتقا يۆلىنىش دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان گۇاڭدۇڭ ئىقتىسادىغا يېڭى قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىلگىرىكى ئون نەچچە يىللىق يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىيات داۋامىدا جۇغلىنىپ قالغان بەزى مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەرمۇ پەيدىنپەي ئاشكارىلىنىپ چىقتى. ئۆلكىلىك پارتكوم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى ئاستىدا، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، پۇل مۇئامىلىسى تەرتىپىنى ئەستايىدىل ئوڭشاپ، پۇل مۇئامىلىسى خەۋپ-خەتىرىگە ئاكتىپ ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇش ۋە ئۇنى يوققا چىقىرىش؛ ئەتكەسچىلىك قىلىش، تاشقى پېرېۋوتنى قانۇنسىزلىق بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋېلىش، تاشقى پېرېۋوتنى ئالداپ ئېلىش، يالغان مال ياساش، يالغان مال سېتىش قاتارلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، بازار تەرتىپىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش؛ نوپۇس ۋە مۇھىت مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق كەسكىن، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى بېسىپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1999-يىلى، بىرقەدەر قىيىن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى ئالدىن كۆزلىگەندىنمۇ ياخشى نەتىجە بىلەن ئورۇندالدى.

## قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدا مېڭىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇش لازىم

ماركسىزم، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت—ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، دەپ قارايدۇ. پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن، ئىجتىمائىي ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى ئىنقىلاب قىلىش، ئىنقىلاب ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ

تاشلاش ئىدى. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئومۇمىي جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بەزى كونكرېت جەھەتلەردە تېخى ماسلىشىپ كېتەلمىدى. بۇ ماسلىشالمىغان تەرەپلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىسلاھاتقا تايىنىش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ، ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئىسلاھات—سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىۋاسىتە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. بۇ—يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزمنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى بېيىتىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى. ئېچىۋېتىشمۇ ئىسلاھات ھېسابلىنىدۇ. پەن-تېخنىكا كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقان ۋە ئىقتىساد دۇنياۋىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل ئىنسانلار ياراتقان بارلىق ماددىي-تېخنىكا ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇشى، دۇنياۋى تەرەققىيات بولۇشى كېرەك. ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېچىۋېتىلگەن مۇھىتتا تەرەققىي قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن بولىدۇ. يېكىنىۋېلىش پەقەتلا ئارقىدا قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پەقەت ئىنسانلار ئورتاق ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى نەتىجىلەرگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىككى خىل بايلىق، ئىككى خىل بازاردىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالغاندىلا، ئاندىن ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ماركسىزملىق كەڭ نەزەر بىلەن دۇنيانى كۆزىتىپ، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش يۈزلىنىشىگە ماسلىشىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدا مېڭىشىمىز لازىم. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش يولى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزگىرىش ياساپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىشىمىز لازىم؛ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، تەرەققىياتنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى قولغا ئېلىپ، تىرىشىپ زامانىمىزدىكى دۇنيا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتۈشىمىز كېرەك.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، گۋاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىسلاھاتى پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، باشلامچى بولۇپ باھا ئىسلاھاتىنى، ئوبوروت ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزۈش، كونا تۈزۈلمىنىڭ ئاسارىتىنى زور كۈچ بىلەن بۇزۇپ تاشلاشتىن باشلىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ نىشان ئەندىزىسىنى ئېنىقلاپ، تىرىشىپ تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىدىغان، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىدىغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىدىغان يېڭى باسقۇچقا كىردى، بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. گۋاڭدۇڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون قۇرۇپ، تاشقى سودىنى كېڭەيتىپ، چەتنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى، باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئاكتىپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق، يەنى ئاساسلىقى ”چەتتىن كىرگۈزۈش“ يولى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى

ۋە سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردۇق، خەلقئارا ئىقتىساد بىلەن بولغان ئالاقىنى بارغانسېرى قويۇقلاشتۇردۇق، خەلقئارالىق ئىقتىساد بىلەن رىقابەتلىشىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردۇق.

نۆۋەتتە ئۆلكىمىزنىڭ ئىسلاھاتى مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىردى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى نىشان ئەندىزىسى قىلغان ئىسلاھاتنى تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ئىگىلىكىگە نىسبەتەن ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئېلىپ بېرىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئورتاق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان يېڭى ئەندىزە شەكىللەندۈرۈشىمىز؛ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش-ئاشۇرۇش يېڭى مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز؛ بازارلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تاۋار بازىرى ئاساس قىلىنغان، ئامىل بازىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، بىر تۇتاش-ئوچۇق، رىقابەتلىك-تەرتىپلىك بولغان بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى ۋە تەلىپىگە ماس كېلىدىغان، ھۆكۈمەت ئىقتىسادنى ماكرو جەھەتتىن باشقۇرىدىغان يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشىمىز؛ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز؛ يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش، بازارلاشتۇرۇشقا ماس كېلىدىغان يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشىمىز؛ قانۇن بويىچە ئۆلكە باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپنى ۋە مەدەنىيلىك، قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەھەتتە، بىز دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان پۇرسەت ۋە رىقابەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ ۋە توغرا ئىگەللەپ، پائال ئىلگىرىلەش روھى ۋە جاسارىتى بىلەن، ”چەتتىن كىرگۈزۈش“ بىلەن ”چەتكە چىقىرىش“نى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، چەت مەبلەغنى كىرگۈزۈش سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ”چەتكە چىقىرىش“ ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىچكى-تاشقى ئىككى خىل مەبلەغ ۋە ئىككى بازاردىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرە ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە بايلىق تەقسىماتىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە بىۋاسىتە قاتنىشىش داۋامىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىزنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ئۆلكىمىز ”چەتكە چىقىرىش“ ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، نۆۋەتتە مۇنداق ئىككى ئىشنى ئالاھىدە ياخشى تۇتۇشى لازىم: بىرىنچىدىن، يولداش جياڭ زېمىن بىرگە قويغان ”گۇاڭدۇڭدىكى شارائىتى بار دۆلەت كارخانىلىرى ۋە باشقا كارخانىلارنىڭ چەتكە چىقىپ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ۋە باشقا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خەلقئارا بازارنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، تىرىشىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىنقى قاتاردا مېڭىش» تەلپىگە ئاساسەن، سىياسەت بەلگىلەپ، قائىدىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي كۈچى بولغان، سەرخىل مەھسۇلاتى بولغان، بىرقەدەر يۇقىرى باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى بولغان ئەۋزەل كارخانىلارنىڭ، شۇنداقلا نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئېشىپ قالغان بىر قىسىم كارخانىلار ۋە كەسىپلەرنىڭ ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكىنى كاپىتال قىلىپ، ماتېرىياللار ئېلىپ بېرىپ پىششىقلاپ ئىشلەش، قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن سىرتقا مەبلەغ سېلىشنى پەيدىنپەي كېڭەيتىپ، چەت بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، خەلقئارالىق ئىش تەقسىماتىغا قاتنىشىپ، خەلقئارالىق بازارنى ئېچىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرە ئىچىدە كەسىپلەشكەن، تۈجۈپىلەشكەن ۋە كۆلەملەشكەن دۆلەتتىن ھالقىغان تىجارەت ئېلىپ بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىر تۈركۈم گۇاڭدۇڭغا تەۋە دۆلەتتىن ھالقىغان گۇرۇھلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم. ئىككىنچىدىن، گۇاڭدۇڭ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، ئۇچۇر، سودا قاتارلىق جەھەتلەردىكى رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، گۇاڭدۇڭنىڭ «چەتكە چىقىرىش» جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنى ئاساس قىلىپ، «ئۈچتە يۇقىرى» يېزا ئىگىلىكى ۋە مۇلازىمەت سودىسىنى يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسى قىلىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرى بىلەن قىممەت ئاشۇرۇش نىسبىتى يۇقىرى كەسىپلەرنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇپ، مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىملار قاتارلىق بايلىق ئامىللىرىنىڭ قوش يۆنىلىشلىك يۆرۈشۈشى ئارقىلىق گۇاڭدۇڭ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ ئىقتىساد-سودا ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈچ رايوننىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل، تېز تەرەققىي قىلىشىنى تىرەپ تۇرىدىغان يېڭى كەسىپلەرنى ئورتاق يېتىشتۈرۈپ، دۇنيا بازىرىغا يۈزلەنگەن خەلقئارالىق سېتىش سىستېمىسىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىپ، بىزنىڭ چەت مەبلىغىدىن پايدىلىنىش، خەلقئارالىق بازارنى ئىگىلەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

## پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ ھالقىسىنى تېز ئىگىلەش لازىم

پەن-تېخنىكا ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. زامانىۋى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىردىن بۇيان كۋانت مېخانىكىسى، نىسپىيلىك نەزەرىيىسى قاتارلىق دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى ئۈچىنچى قېتىملىق يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ھايات پېنى مەركەز قىلىنغان زامانىۋى ئىلىم-پەن ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشى دۇنيا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى؛ باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئەقلىي ئىگىلىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى، تەرەققىياتى ئۈچۈن

تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاپ، غايەت زور، چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. ئومۇمەن، پەن-تېخنىكا بارغانسېرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە بەلگىسى بولۇپ قالماقتا. بولۇپمۇ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا زامانىمىزدىكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ ھالقىسىغا ئايلىنىپ قالدى. كىم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن بولسا، شۇ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي رىقابەتتە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگەللىگەن بولىدۇ. مەملىكىتىمىز مۇستەقىل سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىشى لازىم. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، زامانىمىزدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ ھالقىسىنى تېز ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلغىلى، خەلقئارا رىقابەتتە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ.

يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىدىن ئىبارەت بۇ زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ ھالقىسىنى تېز ئىگەللەش ئۈچۈن، مەۋقەيىمىزنى يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىگە قويۇشىمىز كېرەك. نۆۋەتتىكى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابىتىنىڭ يادروسى ۋە ھالقىسى بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، شۇنداقلا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن مۇپەسسەل قىلىپ كۆرسەتكىنىدەك، يېڭىلىق يارىتىش مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى جېنى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىشتىكى تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېسابلىنىدۇ. پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بارغانسېرى نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە بەلگىسىگە ئايلىنىپ، بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى بەلگىلەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر مىللەت يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولمىسا، ئۇنىڭ گۈللىنىشى، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زامان تارىخىي شارائىتىدا، ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. گۇاڭدۇڭنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئالتە جەھەتتىكى مەسىلىنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىش لازىم ئىكەن:

بىرىنچى، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە "پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى" دېگەن ئىدىيىنى مەھكەم تۇرغۇزۇش لازىم. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزمنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى يەنىمۇ بېيىتىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىدۇر. نۆۋەتتە ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشى بىزگە يېڭى پۇرسەت ۋە سىناق ئېلىپ كەلدى، گۇاڭدۇڭنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشتا باشلامچى بولۇپ، داۋاملىق ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالدىدا مېڭىش-ماڭالماسلىقى ئاخىرقى ھېسابتا پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق. بىز گۇاڭدۇڭدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن كۈچلۈك پەن-تېخنىكا ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، ئىدىيىدە، ھەرىكەتتە ئاڭلىق ھالدا پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇق. ئىككىنچى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، كەسىپ
قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، پەن-تېخنىكا بىلەن
ئىقتىسادنى زىچ بىرلەشتۈرىدىغان يېڭى يولنى تېپىپ چىقىش لازىملىقىنى ئېنىق تونۇپ يېتىش كېرەك.
كارخانىلارنى بولۇپمۇ چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت پاي چېكىنى كونترول قىلغان كارخانىلار-
نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. مانا بۇ—
مەسىلىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەرىپى. بىز گۇاڭدۇڭدىكى بارلىق چوڭ كارخانا ۋە كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ
مۇستەسناسىز ھالدا قۇرۇلۇش تېخنىكىسى تەرەققىيات مەركىزىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە پەن-تېخنىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ،
پەن-تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇش مەسىلىسىنى تۈزۈلمە جەھەتتىن ھەل قىلىش
لازىم. ئۈچىنچى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا
ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىشنى ئىقتىسادنىڭ بىرىنچى يۈكسىلىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك.
يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق يېڭى ئىستېمال يارىتىش، يېڭى كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېڭى
بازارلارنى ئېچىش چەكسىز يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سۈرئەتنى تېزلىتىش،
سۈپەتنى ئۆستۈرۈشتە كۈچىمىزنى مۇشۇ تەرەپكە ئىشلىتىشىمىز لازىم. تۆتىنچى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا
كەسىپلىرى تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىدىغان بىر يۈرۈش سىياسەت-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. بۇنىڭ
يادروسى كارخانىلارنىڭ پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشنى قوللاش، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ مۇنەۋۋەر
ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىشىنى قوللاشتۇر. سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىلىق
كارخانىلارنىڭ پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىغا سالىدىغان سېلىنمىسىنى زور ھەجىمدە ئۆستۈ-
رۈش، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خادىملىرىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىدا ئىگەللەيدى-
غان نىسبىتىنى زور ھەجىمدە كۆپەيتىش كېرەك. بەشىنچى، ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقى بىرىنچى بايلىق
دەيدىغان كۆزقاراشنى تىكلەش كېرەك. بارلىق بايلىقلار ئىچىدە ئىختىساسلىق خادىملار ئەڭ قىممەتلىك
بايلىق ھېسابلىنىدۇ. پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەت ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىكى رىقابەتتۇر.
ئىختىساسلىق خادىملار بولسىلا، ھەممە بولىدۇ. بىلىمنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەي-
دىغان قويۇق كەيپىياتنى يارىتىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.
كەسپىي تېخنىكا باشلامچىلىرى، مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى،
بولۇپمۇ ھەم زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى بىلىدىغان، ھەم ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئارىلاشما
تىپتىكى خادىملارنى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈش لازىم. ئالتىنچى، بىرىنچى باشلىق بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش
كۈچىنى تۇتۇشى كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى ئورگانلار، ھەرقايسى تارماقلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈ-
مەت بىرىنچى باشلىقلىرى كۈچلۈك پەن-تېخنىكا ئېڭىغا، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە مەجبۇرىيەت
تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ پەن-تېخنىكىنى ئۆزى تۇتۇشى، بارلىق تەدبىرلەرنى
قوللىنىپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى كۈچلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىيا-
تىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. بىرقانچە يىللىق تىرىشچانلىق
ئارقىلىق گۇاڭجۇدىن شېنجېنغىچە بولغان جۇجياڭ دېلتىسى رايونىنى گۇاڭدۇڭدىكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا
كەسىپلىرى بەلۋىغى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆلكىگە بولغان باشلامچىلىق رولىنى جارى

قىلدۇرۇش لازىم.

ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسى جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان يادرولۇق كۈچ. جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى بېجىرىش ئاساسلىقى پارتىيىمىزگە باغلىق، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي، ئىستىل، ئىنتىزام ئەھۋاللىرىغا باغلىق، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىگە باغلىق. بىز ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى ماركسىزمغا بولغان ئېتىقادىنى، سوتسىيالىزمغا، كوممۇنىزمغا بولغان ئىشەنچىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىشقا بولغان ئىشەنچىنى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە بولغان ئىشەنچىنى مۇستەھكەملەپ، سىياسىي ئېڭى، ئومۇمىيەت ئېڭى، مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە ئومۇمىيلىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان قىلىشىمىز لازىم. يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا، نۆۋەتتىكى دۇنيادا پەن-تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تۈرتكىلىك كۈچ ئېلىپ كەلدى، بۇ ھال پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا پەن-تېخنىكىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى سەگەكلىك بىلەن ئىگەللىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. بىز چوقۇم مۇشۇ تەلەپ بويىچە، زامانىۋى ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىز، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىمىزنى ئاڭلىق ھالدا كۈچەيتىشىمىز، سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيىۋى جەھەتتە ئىلغارلاردىن بولۇپلا قالماي، يەنە زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى پىششىق بىلىدىغان ۋە ئىگەللىگەن ئىلغارلاردىنمۇ بولۇشىمىز، پارتىيە قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، پارتىيىنى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە مەڭگۈ ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىدىغان پارتىيە قىلىپ چىقىشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم

——يولداش جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

## ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئوتتۇرىغا قويغان "دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم" دېگەن مۇھىم پىكىر دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى قوللىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىچكى-تاشقى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن، بۇ يەكۈن پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغۋار ئىشلارنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە يۆنىلىشنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار "دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم" دېگەن ئىدىيىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە پۇختا ئىگەللىشى، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

"دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم" دېگەن ئىدىيە هاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئەھۋالىنىڭ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى، تۈزۈلۈشى ياكى قالايمىقانلىششى بىلەن بولغان مۇقەررەر مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى. هاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە هۆكۈمران ئورۇندىكى سىنىپ ياكى سىياسىي گۇرۇھنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىچىدە هۆكۈمران ئورۇندا ياكى باشلامچىلىق قىلغۇچى تەرەپتە تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ دۆلەتنىڭ خاراكتېرى، ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى جۇڭگو جەمئىيىتى يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ئىدى. ئىگىلىك هوقۇقىنى يوقاتقان، سىياسىي جەھەتتىن چىرىكلەشكەن، ئىقتىسادى ئاجىزلاشقان، خەلق ئازاب-ئوقۇبەتكە قالغان بولۇپ خەلقئارا جەمئىيەت-تە يەتتىكچە خورلۇق تارتقانىدى. بۈگۈنكى جۇڭگو بولسا مۇستەقىل، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سانائەتلى-شىشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرغان، زامانىۋىلىششقا قاراپ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەتتۇر. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى بىر ئۇلۇغ تارىخىي سەك-

رەش. بۇنداق مىسلىسىز ئۆزگىرىشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر سەۋەبى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بولغانلىقىدۇر. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە ھەممىشە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەرنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەنلىكى، ھەممىشە جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، ھەممىشە جۇڭگونىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە، جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەنلىكى، ھەممىدە توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىش ئارقىلىق دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلغانلىقىدۇر. بىزنىڭ ھەر بىر پارتىيە ئەزالىرىمىز، كادىرلىرىمىز بۇ تارىخنى چوقۇم قەدىرلىشى، بۇ تارىخ بىزگە ئاتا قىلغان ئىلھامنى قەدىرلىشى، ھەممىدە ئۇنىڭدىن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

”دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم“ دېگەن ئىدىيە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. 50 يىللىق پارلاق نەتىجە ئۆتمۈشنىلا چۈشەندۈرىدۇ، تېخىمۇ جاپالىق تارىخىي ۋەزىپە تېخى ئالدىمىزدا. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 21-ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئون يىلىدا بىز بىرقەدەر مۇكەممەل سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرىمىز، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000-يىلدىكىدىن بىر قاتلاپ، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشات قىلىمىز؛ يەنە ئون يىل تىرىشىش ئارقىلىق يەنى پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى تولغان ۋاقىتتا خەلق ئىگىلىكىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرىمىز، تۈرلۈك تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىمىز؛ 21-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى تولغاندا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىمىز. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئار-نومۇسنى تەل-تۆكۈس ئاقلاپ، جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغ ئىشتۇر. نۆۋەتتە، ئىسلاھات ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، تەرەققىيات ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرماقتا، دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى زور ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئىگەللەش-ئىگەللىيەلمەسلىك، پەن-تېخنىكىنىڭ كۈنسايىن ئىلگىرىلەپ بېرىۋاتقان ئېقىمىغا يېتىشىش-يېتىشەلمەسلىك، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدە غەلىبە قىلىش-قىلالماسلىق، ئىلگىرىلەش يولىمىزدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش-قىلالماسلىق، يىغىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنىڭ قانداق بولۇشى تۈپتىن ئالغاندا پارتىيىمىزگە باغلىق، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە، ئىستىل، ئىنتىزام، تەشكىلىي جەھەتلەردىكى ئەھۋالىغا ۋە جەڭگىۋارلىقىغا، رەھبەرلىك سەۋىيىسىگە باغلىق. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ئەزالىرى، كادىرلار قوشۇنى ياخشى، بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ، ئەمما ساقلانغان مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: ”ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى دۆلىتىمىزنى ‘غەربچىلەشتۈرۈش’، ‘پارچىلاش’ ئىستراتېگىيىلىك سۈيىقەستىنى جىددىي يۈرگۈزمەكتە، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقىدەك سىياسىي كۆزقارىشى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىزگە

تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماقتا. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىقتىسادىي تەركىبلەر، مەنپەئەت سۇبيېكتلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ كۈنسايىن كۆپ خىللىشىشى ئارقىسىدا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى قارىشى ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇنداق ياكى مۇنداق تەسىرلەرگە جۈملىدىن بەزى پاسسىپ تەسىرلەرگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. تارىختا شەكىللىنىپ قېپقالغان بىر قىسىم چىرىك، قالاق نەرسىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىمۇ بەزى ساقلىنىپ تۇرۇش شارائىتلىرى مەۋجۇت. بۇلار مۇقەررەر ھالدا پارتىيە ئىچىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارائىت پارتىيە ئەزالىرى، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشتەك ئىنقىلابىي خىسلىتىنى ساقلاپ تۇرۇشىغا قارىتا كەسكىن سىناق بولماقتا، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنىمۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرمۇنچە يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچار قىلماقتا.“ نۆۋەتتە، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى، پارتىيىلىك كادىرلار ئارىسىدا بەزىلەر غايە-ئېتىقادىدىن تەۋرەپ، ”فالۇن گۇمپىسى“ دېگەن بىدئەتچى تەشكىلاتقا ئېتىقاد قىلىپ، ھەتتا بىدئەتچى تەشكىلاتنىڭ تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالماقتا؛ بەزىلەردە بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق، دوگمىچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرى ئېغىر بولماقتا، ئۇلار ياكى پۇقرالارنى بېسىپ، ئەل-يۇرتنى قاقشىتىدۇ، ياكى قۇرۇق گەپ سېتىپ كىشىلەرنى ئاغزىغا قارىتىپ، ھىيلە-مىكىر بىلەن نام چىقىرىدۇ، ياكى كونىلىققا يېپىشۋېلىپ، ئالغا ئىنتىلمەيدۇ؛ بەزىلەر پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە زور قارارلىرىغا كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇۋېلىپ ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىدۇ، بىرىنى قوبۇل قىلىپ بىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، كۆڭلىگە ياققىنىنى ئىجرا قىلىپ، كۆڭلىگە ياقمىغىنىنى ئىجرا قىلمايدۇ؛ بەزىلەر ئوچۇقتىن-ئوچۇق پارتىيىنىڭ داھىيلىرىغا ۋە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە قارا چاپلايدۇ، ماركسىزمغا قارشى كۆزقاراشلارنى تارقىتىدۇ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە، مەركەز قارار چىقىرىپ بولغان زور نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە ۋە تارىخىي يەكۈنلەرگە قارشى پىكىر بايان قىلىدۇ؛ بەزىلەر قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى دېلولار ئەھۋالنىڭ قەبىھلىكى، چېتىلىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان. مەسىلە مانا مۇشۇنداق كەسكىن ھالدا ئالدىمىزدا تۇرماقتا. ئەگەر بىز ئالدى بىلەن پارتىيىنى باشقۇرمىساق، باشقۇرغاندىمۇ قاتتىق باشقۇرمىساق، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز رەھبەرلىك جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ، ئەسىر ھالقىش پەيتىدىكى تەرەققىيات نىشانىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشىمىز يوققا چىقىدۇ، مۇستەقىللىققا، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېرىشكەن جۇڭگو قايتىدىن غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇشۇنداق ھالقىلىق تارىخىي پەيتتە، پارلاق ئىستىقبال بىزنى چاقىرماقتا، كەسكىن ۋەزىيەت بىزنى سىنىماقتا، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىزگە قارىماقتا، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار دىققەت قىلماسلىق بولمايدۇ، پەخەس بولماسلىق بولمايدۇ!

”دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم“ دېگەن ئىدىيە پارتىيىمىزنىڭ پارتىيىنى ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى ئاساسىي تەجرىبىسى ۋە دۇنيا سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنىڭ ئىلمىي يەكۈنى. بىر پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشى ئوڭاي ئەمەس، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىشى تېخىمۇ قىيىن. قىيىنلىقى شۇ يەردىكى، كونا ھاكىمىيەتنى تەنقىد قىلغۇچىلار يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىپ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى،

تۈزۈلشى ياكى قالايمقانلىششى ۋە خەلقنىڭ بەخت-سائادەتكە ئېرىششى ياكى بالايىئاپەتكە قېلىشى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ؛ قىيىنلىقى شۇ يەردىكى، تېخىمۇ كۆپ ئازدۇرۇشلارغا، سىناقلارغا ۋە رىقابەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئەگەر بىر پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن نازارەت قىلىنمىسا، چەكلىمىگە ئۇچرىماي ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلسە، سىرتقى كۈچلەرنىڭ چىرىتىشى، تەھدىتى، ھۇجۇمى ۋە پارچىلىشى ئارقىسىدا ئەسلىدىكى ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىمۇ، دۆلەتمۇ ھالاك بولۇپ، تارىختا كېلىپلا كەتكەن يولۇچى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش پارتىيىمىز ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشتىن بۇرۇنلا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر مۇھىم مەسىلە ئىدى. يەنئەندىكى مەزگىلدىلا پارتىيىمىز ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، دېموكراتىك نازارەتچىلىك ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ”گۈللىنىشمۇ تېز، يوقىلىشمۇ تېز“ بولىدىغان تارىخىي دەۋرىيلىك-تىن ھالقىپ ئۆتۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندى. مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ھارپىسىدا يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋاقتىدا پۈتۈن پارتىيىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ”ئۇزاق ۋاقىت ۋە كۆپ كۈچ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى؛ بۇ غەلىبىنى مۇستەھكەملەش بولسا ئۇزاق ۋاقىت ۋە كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش.“ ”دۈشمەننىڭ قورال كۈچى بىزنى بويسۇندۇرالمايدۇ... بۇرژۇئازىيىنىڭ خۇشامىتى بولسا قوشۇنىمىزدىكى ئىرادىسى ئاجىزلارنى بويسۇندۇ-رۇۋېلىشى مۇمكىن. بەلكىم شۇنداقمۇ كوممۇنىستلار بولۇشى مۇمكىنكى، ئۇلار قوراللىق دۈشمەنگە بويسۇنمى-غان، بۇ دۈشمەن ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق نامىغا مۇناسىپ ئىش قىلغان؛ لېكىن ئۇلار كىشىلەرنىڭ شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك.“ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز لى زىچېڭ بولمايمىز، دەپ جاراڭلىق خىتاب قىلغانىدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شىياۋپىڭمۇ پۈتۈن پارتىيىنى قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇ-رۇپ: ”پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىش ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى“، ”جۇڭگونىڭ ئىشلىرى-نىڭ ياخشى بولۇش-بولماسلىقى، سوتسىيالىزم ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش-داۋاملاشتۇرالماسلىق، ئىقتىسادنىڭ تېزرەك راۋاجلىنىش-راۋاجلىنالماسلىقى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامان بو-لۇش-بولالماسلىقى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەمگە باغلىق“، ”كومپارتىيىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىزغا باغلىق“ دېگەنىدى. 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دۇنيادا سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەندە، پارتىيىمىزنىڭ 2- ۋە 3-ئەۋلاد مەركەز رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەھەتتە يېڭى سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە يولغا قويۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ پارلاق يولىنى ئاچقانلىقى ۋە كېڭەيتكەنلىكى ئۈچۈنلا جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىدى. بۇنىڭغا روشەن سېلىشتۇرما بولغىنى شەرقىي ياۋروپادىكى جىددىي ئۆزگىرىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدۇر. بۇنىڭدىكى سەۋەب كۆپ تەرەپلىمىلىك بولسىمۇ، ئەمما لۇشيەندىكى خاتالىق، پارتىيىنى باشقۇرۇش كۈچلۈك بولماسلىق بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر. بۇ ئېچىنىشلىق تارىخىي ساۋاق، شەك-شۈبھىسىزكى، ئىلگىرىلەۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا بىرىلگەن كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرۇش، ”چىن دەۋرىدىكىلەر ئۆتكۈز-

www.uyghurkitap.com

گەن خاتالىقىغا ئۆكۈنمەي، كېيىنكىلەر ئۆكۈنگەن؛ كېيىنكىلەر ئۆكۈنگەن بولسىمۇ ئۇنى ئەيىنەك قىلماي، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرمۇ ئوخشاشلا ئۆكۈنگەن" دېگەن سۆز دەل جايىدا ئېيتىلغان. ئالدىنقى هارۋا ئۆرۈلسە كېيىنكىسىگە ئىبرەت بولىدۇ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بۇنىڭدىن قاتتىق ئىبرەت ئېلىشى لازىم.

يىغىپ ئېيتقاندا، "دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم" دېگەن ئىدىيىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش-يېتەلمەسلىك ۋە پۇختا ئىگەللەش-ئىگەللىيەلمەسلىك ماركسىزملىق مەيدان ۋە دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسى، روشەن پرولېتارىياتلىق پارتىيىۋىلىككە ۋە پارتىيە ئىستىلىغا ئىگە بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىگە ئىگە بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسىدۇر. پەقەت "دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم" دېگەن مۇھىم ئىدىيىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ھەمدە پۇختا ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقنى ۋە تەشەببۇسكارلىقنى پۇختا ئەقلىي ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. قەدىمكى ئىرادىلىك كىشىلەر "دۇنيانىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىدا ھەممىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار"لىقىنى بىلگەن يەردە، بىز كوممۇنىستلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرى تۇرۇپ، يېڭى جۇڭگونىڭ يادرولۇق رەھبىرىي كۈچى تۇرۇپ، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىدا باش تارتىپ بولمايدىغان تېخىمۇ زور مەسئۇلىيىتىمىز بارلىقىنى بىلمىسەك بولامدۇ؟ سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مۇستەقىللىقى ۋە گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن قان تۆكۈپ مەردانىلىك بىلەن بارلىقىنى تەقدىم قىلغان يەردە، بىزنىڭ قۇربان قىلالمىغۇدەك قانداق شەخسىي مەنپەئىتىمىز بولسۇن؟ تۈزىتەلمىگۈدەك قانداق كەمچىلىك-خاتالىقلىرىمىز بولسۇن؟ "دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم" دېگەن ئىدىيە بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىز ۋە خىزمەت ھالىتىمىزگە قويۇلغان رېئال تەلەپ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قەيەردە پارتىيە ئىستىلى ياخشى بولسا، شۇ يەردە ئىجتىمائىي كەيپىيات ياخشى بولىدى، شۇ يەردىكى ئاممىنىڭ ئىسلاھاتقا ۋە قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولىدى؛ قەيەردىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسى يۇقىرى بولسا، شۇ يەردە جۇشقۇن كەيپىيات بارلىققا كەلدى، شۇ يەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. ھەر بىر پارتىيە تەشكىلى، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى، پارتىيىلىك كادىر چۇمۇلە ئۇۋىسىمۇ چوڭ تۇغاننىڭ ئېقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ئەسكەرتىپ تۇرۇشى، نېپىز مۇزغا دەسسەپ تۇرغاندەك، چوڭقۇر يار لېۋىگە كېلىپ قالغاندەك ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلىشى، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، ھازىردىن باشلاپ، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى چىقىرىشى لازىم. مانا بۇ دۆلەت ئالدىدا، خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسىدۇر.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن قادىر**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر**

# غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا سوتسىيالىستىك بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم

**ۋېي خۇكەي**

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە چىقارغان بىر زور ئىستراتېگىيىلىك قارارى، رايون ئىقتىسادىنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا ئىچكى ئېھتىياجنى يەنىمۇ كېڭەيتىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە، ئىزچىل، ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى. غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى نىسبەتەن قالاق بولۇپ، غەربىي رايونلارنى ئېچىشتا دۆلەتنىڭ مەبلەغ، سىياسەت جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرىشىگە مۇھتاج بولغاچقا، دۆلەت خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگەن ۋاقىتتا، غەربىي رايونلارنى ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئۈستىدە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئەمما شۇنى تونۇپ يېتىش لازىمكى، نۆۋەتتە خەلقئارا مۇھىت ۋە ئىچكى مۇھىتتا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تەدرىجىي بەرپا قىلىنىۋاتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتە پۈتۈنلەي بېكىنچە پىكىر بولۇشى، پىلان ئارقىلىق تەڭشەشتىن ئاساسلىقى بازار ئىگىلىكى ئۇسۇلى ئارقىلىق تەڭشەشكە يۆتكەپ، سوتسىيالىستىك بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

## 1. ئاساسلىقى دۆلەتتىن زور مىقداردا مەبلەغ سېلىپ ئىلگىرى سۈرۈشتىن بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا قاراپ ئۆزگىرىش ياساش لازىم

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي رايونلىرى بىلەن غەربىي رايونلىرىنىڭ پەرقىنىڭ زورىيىشىنى ئاساسلىقى يەرلىك سانائەت تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭلاشقا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى تېزلىتىشتە مۇھىمى غەربىي رايونلارنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇلارنىڭ سانائەتلىشىش سۈرئىتىنى تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. غەربىي رايونلارنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش بايلىقلارنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىشقا، بايلىقلارنى تەقسىم قىلىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، شۇنداقلا شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىچىكلىتىپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەكشى تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق. بۇندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى بېكىتىش ۋە سىياسەت جەھەتتىن قوللاشتا، دۆلەت غەربىي رايونلارنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ بىر مۇھىم تەدبىرى قىلىشى لازىم.

ئىلگىرى، غەربىي رايونلارنىڭ سانائەتلىشىشى ئاساسلىقى دۆلەتتىن زور مىقداردا مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلەتتى، يەنى دۆلەت تۈرنى بېكىتىش، دۆلەت مەبلەغ سېلىش، تۈر قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا قىلىپ قۇرۇش يولى تۇتۇلاتتى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، گەرچە دۆلەت دېڭىز بويى رايونلىرىغا زور ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ياردەم دۆلەتتىن مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلۇش قىلىش، كارخانا قۇرۇشتا ئەمەس، كۆپرەكى ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەردە ئىپادىلەنگەن. دېمەك، دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ سانائەتلىشىشى ئاساسلىقى بازار مېخانىزمىغا ۋە كۆپ مەنبەلىك ئىجتىمائىي كاپىتالغا بولۇپمۇ چەت سودىگەرلىرى، شەخسلەر ۋە يېزا-كەنت كوللېكتىپىنىڭ كاپىتالىغا تايىنىپ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەققىدىكى ئىككى خىل ئوي-پىكىر ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن مۇنداق ئىلھام ئالدۇقكى، غەربىي رايونلار بۇندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە سانائەتلىشىش جەريانىدا، شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيا-تىدىكى بۇ خىل ئۇسۇلنى ئۆگىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بازار مېخانىزمىدىن تېخىمۇ كۆپرەك پايدىلىنىشى لازىم. يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلى-شىشىغا ئەگىشىپ، بازار ئارقىلىق تەقسىم قىلىنىدىغان ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بارغانسېرى چوڭىيىپ بارىدۇ، دۆلەت بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان، سېلىنما قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان مەبلەغ چەكلىكتۇر، يەنە كېلىپ بۇ مەبلەغلەرنىڭ ھەممىسىنى غەربىي رايونلارغا ئىشلىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىر قەدەم كەينىگە يېنىپ پەرەز قىلايلۇق، غەربىي قىسمىدىكى كەڭ رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ ئىلكىدىكى مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى غەربىي رايونلارغا ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ، خۇددى تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارغاندەك ئىش بولىدۇ. شۇڭا، غەربىي رايونلارنىڭ سانائەتلىشىش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، غەربىي رايونلار ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، داۋاملىق تۈردە "كۈتۈش، تايىنىش، سوراش" يولىنى تۇتۇپ، ئۈمىدنى پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ زور مىقداردا مەبلەغ سېلىشىغا باغلاش ئانچە رېئال ئەمەستۇر.

يېقىنقى ئىككى يىللىق ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيە-سىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ يىغماي، جۇملىدىن جەمئىيەتتىكى جامائەت كاپىتالىنى قاتناشتۇرماي، يالغۇزلا دۆلەتنىڭ زور مىقداردا مەبلەغ سېلىشىغا تايانغاندا، غەربىي رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە، ئىزچىل، مۇقىم ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەس بولىدۇ. 1998-يىلى مەركەز 100 مىليارد يۈەن زايوم كۆپەيتىپ تارقاتتى، ھەمدە شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ بانكىدىن 100 مىليارد يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، بۇنىڭدىن مەقسەت مەبلەغنىڭ تۈرتكىسى ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى بازارنى جانلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. دۆلەتنىڭ سىياسىتى بويىچە، بۇ مەبلەغلەر ئاساسلىقى ئاساسىي ئەسلىھەلەرگە سېلىنىدى ھەمدە ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مايىل بولدى. بۇ سىياسەت-تەدبىرلەر ئىجابىي رول ئوينىدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ خىل رول بارغانسېرى كۈچىيىدۇ. دۆلەت بۇنىڭدىن كېيىنمۇ غەربىي رايونلارغا يەنە مەبلەغ ماگدۇرىدۇ. ئەمما يالغۇز دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن غەربىي

رايونلار سانائىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى زادىلا قاندۇرۇپ كەتكىلى، غەربىي رايونلار سانائىتىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. 1998-يىلى غەربىي رايونلار بويىچە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31.2% ئېشىپ، شەرقىي رايونلارنىڭ 16.3% لىك سەۋىيىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ غەربىي رايونلار سانائىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئارانلا 8.02% بولۇپ، شەرقىي رايونلارنىڭ 12.2% لىك سەۋىيىسىدىن كۆپ تۆۋەن بولدى. شۇڭلاشقا، غەربىي رايونلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشىنى تېزلىتىپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، بازار مېخانىزمىغا تايىنىپ، دۆلەت مەبلىغىنىڭ كىرگۈزۈلۈشى ئارقىلىق كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ يىغىش يوللىرىنى ئېچىش ۋە يېتەكلەش لازىم.

يۇقىرىقى تەھلىللەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بۇنىڭدىن كېيىن غەربىي رايونلارنىڭ سانائەتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە جەزمەن ئىلگىرىكى بولۇپمۇ 3-سەپ قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ تۈرتكە بولۇشىغا تايىنىشتىن ئاساسلىقى بازار مېخانىزمىغا تايىنىشقا قاراپ ئۆزگىرىش ياساش لازىم. غەربىي رايونلارغا بولۇپمۇ ئىقتىسادى قالاق رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلگىرىكى "كۆتۈش، تايىنىش، سوراش"تەك يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، كاپىتال بازىرىنى يېتىشتۈرۈش، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل جامائەت كاپىتالىنى، بولۇپمۇ شەرقىي رايونلار ۋە چەت سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ غەربىي رايونلارنىڭ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش لازىم. دۆلەت بىر تەرەپتىن مەلۇم مەبلەغ سېلىپ، غەربىي رايونلارنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللىشى لازىم، ئەمما بۇ مەبلەغنى ئىشلىتىشتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بازار مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مۇناسىپ بولغان مەبلەغ يېتەكلەش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل مەبلەغنى غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا قاتنىششقا باشلاش لازىم. ئومۇمەن، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاستىدا، غەربىي رايونلارنىڭ سانائەتلىشىشىنى تېزلىتىشنىڭ ۋاستىلىرى ۋە يوللىرى كۆپ خىل بولۇشى كېرەك، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاممىۋى ئاساسىي ئەسلىھەلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەبلەغنى يېتەكلەش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر تەرەپلىك مەبلەغنى تۈرلەر قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت.

## 2. بايلىق يېتەكچىلىكى تىپىدىكى ئىستراتېگىيىدىن تەدرىجىي ھالدا بازار يېتەكچىلىكى تىپىدىكى ئىستراتېگىيىگە قاراپ ئۆزگىرىش ياساش لازىم

ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، غەربىي قىسىمدىكى بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئاساسلىق سانائەت كەسىپلىرى كۆپىنچە شۇ رايونلارنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ تەبىئىي بايلىقى مول، ئىقتىسادى قالاق بولغان بىر قىسىم رايونلار كۆپ ھاللاردا "تاغ بولسا تاغقا تايىنىش، سۇ بولسا سۇغا تايىنىش" ھالىتىدە بولۇپ، ئۆزىدە قانداق تەبىئىي بايلىق بولسا شۇ تەبىئىي بايلىق

www.uyghurkitap.com

ئاساسدىكى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەندى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي رايونلار زور بىر تۈركۈم تىپىك بولغان، قېزىش ۋە خام ئەشيا-ماتېرىيال سانائىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يالغۇزلا تەبىئىي بايلىق خاراكتېرىدىكى شەھەرلەر شەكىللەندى، مەسىلەن، دۈگچۈەن، گېجيۇ، جىنچاڭ قاتارلىقلار. غەربىي قىسمىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا، بولۇپمۇ غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا قېزىش ۋە خام ئەشيا-ماتېرىيال سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتىمۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن خېلىلا يۇقىرى. 1997-يىلى چىڭخەي ئۆلكىسى بويىچە قېزىش ۋە خام ئەشيا-ماتېرىيال سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى %70.6كە يەتكەن، شىنجاڭنىڭ %63.8كە، شىزاڭنىڭ %61.9كە، گەنسۇنىڭ %57.6كە، نىڭشيانىڭ %52.5كە يەتكەن.

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ خىل تىپىك بايلىق يېتەكچىلىكى تىپىدىكى ئىستراتېگىيە گەرچە سانائەتلىشىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مەلۇم دەرىجىدە ئورۇنلۇق بولسىمۇ، ئەمما سانائەتلىشىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ چەكلىمىلىكىمۇ بارغانسېرى روشەنلەشتى. مەسىلەن، پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ بايلىق قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارى بىرقەدەر تۆۋەن بولغاچقا، بايلىق خاراكتېرىدىكى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى كۆپ ھاللاردا يۆتكىلىۋاتقان ئاساسىي سىستېمىدا بوغۇلۇپ قالدى، بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنىڭ تەسىرىدە بايلىق خاراكتېرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى بەك تۇراقسىز بولىدۇ، بايلىق خاراكتېرىدىكى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى مۇقىمسىز بولىدۇ؛ بىرەر رايوننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ زاپاس مىقدارى بەربىر چەكلىك بولىدۇ، ئىشلىتىپ تۈگەتكەن ھامان، بايلىق خاراكتېرىدىكى كەسىپلەرنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر بۇ خىل كەسىپ شۇ رايوننىڭ يېتەكچى كەسپى بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى يېتەكچى كەسىپ بارلىققا كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، بايلىق خاراكتېرىدىكى كەسىپنىڭ چېكىنىشى ئوگايلا پۈتكۈل رايوننىڭ ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، بايلىق يېتەكچىلىكى تىپىدىكى رايون ئىقتىسادى كۆپ ھاللاردا "سىجىل" تەرەققىي قىلالايدىغان ئىقتىساد بولالمايدۇ.

پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي بايلىق بىر خىل ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، رايون سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى رولى كۆنسايىن ئاجىزلاشماقتا، ئىختىساس ئىگىلىرى، تېخنىكا، باشقۇرۇش، ئۇچۇر قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ رولى بولسا بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا. بۈگۈنكى دۇنيادا، بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئۇنىڭ تەبىئىي بايلىقىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىلەن روشەن باغلىنىشى يوق بولۇپ قالدى. بەزى تەبىئىي بايلىقى مول بولغان رايونلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قالغان رايونلار قاتارىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بەزى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلار بولسا ئەسلىدە تەبىئىي بايلىقى كەمچىل رايونلار ئىدى. مانا بۇ كىشىلەر دائىم ئېيتىپ يۈرۈيدىغان "بايلىقى مول بولغان نامرات جاي" ۋە "بايلىقى كەمچىل بولغان باي جاي" دېگەنلىكتۇر. ئوخشىمايدىغىنى، ئالدىنقىسىدا بارى تۆۋەن دەرىجىلىك ئامىل، كېيىنكىسىدە بارى يۇقىرى دەرىجىلىك ئامىلدۇر.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، غەربىي رايونلار بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرماسلىقى لازىم، دەۋاتقىنىمىز يوق، بەلكى ئىلگىرىكى شۇ رايوننىڭ تەبىئىي بايلىقىغا يۆكسەك دەرىجىدە يۆلىنىۋېلىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىشى، بايلىق يېتەكچىلىكى تىپىدىكى ئىستراتېگىيىدىن

تەدرىجىي ھالدا بازار يېتەكچىلىكى تىپىدىكى ئىستراتېگىيىگە قاراپ ئۆزگىرىش ياسىشى، يەنى ”مەندە نېمە (بايلىق) بولسا شۇنى راۋاجلاندۇرىمەن“ دېگەندىن ”بازار نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى ئىشلەپچىقىرىمەن“ دېگەنگە قاراپ ئۆزگىرىش ياسىشى كېرەك، دەۋاتىمىز. نۇرغۇن ئەھۋال ئاستىدا، يەنە تەدبىر قوللىنىپ، ئىستېمال بازىرىنى ئاكتىپ يېتەكلەش لازىم. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، ”بازار يېتەكچىلىكى“ ھەرىكەتچان ئۇقۇم بولۇشى كېرەك، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدا ”ھازىرقى بازاردا نېمە كەمچىل بولسا شۇنى راۋاجلاندۇرىمەن“، ياكى ”كۆپچىلىك نېمىنى راۋاجلاندۇرسا مەنمۇ شۇنى راۋاجلاندۇرىمەن“ دەپ چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، غەربىي رايونلاردا ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مەلۇم جەريان كېتىدۇ، ئاسانلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بايلىق يېتەكچىلىكى تىپىدىكى ئىستراتېگىيە بىرەر رايوننىڭ تۇغما بايلىق ئەۋزەللىكىگە باغلىق، بازار يېتەكچىلىكى تىپىدىكى ئىستراتېگىيە بولسا ئىختىساس ئىگىلىرى، تېخنىكا، باشقۇرۇش قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئامىللارغا ۋە كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىگە باغلىق. شۇڭلاشقا، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە كىرگۈزۈش، تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، باشقۇرۇشنى چىڭىتىش، كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش غەربىي رايونلارنىڭ بازار يېتەكچىلىكى تىپىدىكى ئىستراتېگىيىنى يولغا قويۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-قازىنالماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالىدۇ.

## 3. رايوننىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنى يېتىشتۈرۈشكە قاراپ ئۆزگىرىش ياساش لازىم

ئۇزاقتىن بۇيان، غەربىي قىسمىدىكى بىر قىسىم رايونلار سانائەت تەرەققىياتى جەريانىدا، كۆپ ھاللاردا سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى زىيادە تەكىتلەپ، كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدى. بايلىق يېتەكچىلىكى تىپىدىكى ئىستراتېگىيە دەل پۈتۈنلەي رايوننىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئامىللار جەھەتتىكى سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ بىر خىل تىپىك ئەندىزىسىدۇر. چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار، شۇنداقلا يۈننەننىڭ دۇڭچۈەن، گېجيۇ قاتارلىق زور بىر تۈركۈم كانچىلىق شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىل ئەندىزە بويىچە تەرەققىي قىلغان.

ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ھەرقانداق بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى شۇ رايوننىڭ ئەۋزەل كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ھالبۇكى بىرەر رايوننىڭ ئەۋزەل كەسىپلىرىنىڭ شەكىللىنىشى شۇ رايوننىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنىڭ ۋە كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە باغلىق بولىدۇ. ماكرو قاتلامدىكى رايون سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى پەقەتلا رايون ئەۋزەل كەسىپلىرى تەرەققىياتىنىڭ زۆرۈر ۋە ئالدىنقى شەرتىنىڭ بىرىدىنلا ئىبارەت، مىكرو قاتلامدىكى كارخانا رىقابەت ئەۋزەللىكى بولسا رايون ئەۋزەل كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان تولۇق شەرتتۇر. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، رايون سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى ۋە كارخانا رىقابەت ئەۋزەللىكى ئورتاق ھالدا

www.uyghurkitap.com

رايون ئەۋزەل كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا رايون كەسپلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە تەرەققىي قىلىشىدىكى تولۇق زۆرۈر شەرتتۇر.

رايون سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى ۋە كارخانا رىقابەت ئەۋزەللىكىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن، ئادەتتە رايون سانائەت تارماقلىرىنى تۆت تۈرلۈك تىپقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى، رايون سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكمۇ، كارخانا رىقابەت ئەۋزەللىكمۇ يوق تارماقلار، ئىككىنچى، رايون سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى بولسىمۇ، ئەمما كارخانا رىقابەت ئەۋزەللىكى كەمچىل تارماقلار؛ ئۈچىنچى، گەرچە رايون سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى بولمىسىمۇ، لېكىن كارخانا رىقابەت ئەۋزەللىككە ئىگە تارماقلار؛ تۆتىنچى، رايون سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكمۇ، كارخانا رىقابەت ئەۋزەللىكمۇ بار تارماقلار.

بىرقەدەر ياخشى بولغان رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ھەم بىرقەدەر زور سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە، ھەم بىرقەدەر زور رىقابەت ئەۋزەللىككە ئىگە كەسپلەرنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم، مەسىلەن يۈننەننىڭ تاماكا سانائىتى. بەزىدە گەرچە مەلۇم رايوننىڭ مەلۇم كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى ۋاقىتلىق يوق بولغان بولسىمۇ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە سىياسەت جەھەتتىن قوللاش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا كارخانىنى بىرقەدەر كۈچلۈك رىقابەت ئەۋزەللىككە ئىگە قىلالايدىغان بولسا، رىقابەت ئەۋزەللىكىنىڭ ئۆزى يېڭىدىن سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكنى يارىتالايدۇ. سىچۈەن مېيەنياڭ ۋە گۇاڭدۇڭ خۇيجۇ ئېلېكترون سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى دەل مۇشۇ جەھەتتىكى تىپىك مىسالدۇر. بۇ ئىككى رايون ئەينى ۋاقىتتا ئېلېكترون سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئانچە كۆرۈنەرلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئەمەس ئىدى، ئەمما كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق رايون كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، رايون ئىقتىسادىنى بىرقەدەر تېز سۈرئەتتە يۈكسەلدۈردى.

ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، رايونلار تەبىئىي بايلىق جەھەتتە تۇغما ئەۋزەللىككە ئىگە بولسۇن-بولمىسۇن، مۇبادا مىكرو قاتلامدىكى كارخانا رىقابەت ئەۋزەللىكى كەمچىل بولىدىكەن، بۇ خىل كەسىپ ئاخىرقى ھېسابتا كەسكىن بازار رىقابىتىدە شاللىنىپ قالىدۇ. نىڭشيا ۋە شىنجاڭدىكى تېلېۋىزور زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ تاقىلىپ قېلىشى، چىڭخەي، نىڭشيا ۋە شىنجاڭدىكى كىرئالغۇ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ئۇزاققا قالماي ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىشى، شۇنداقلا جىڭدېجېندىكى كۈندىلىك فارفور بويۇملىرى سانائىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خارابلىشىشى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ فارفور بۆشۈكى بولغان جىڭدېجېن خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىنىش جەھەتتىلا ئەمەس، تېخنىكا ئىشچىلىرى، تەتقىقات، لايىھىلەش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتتىمۇ باشقا جايلار تەڭ كېلەلمەيدىغان رايون سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۈزۈم ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە بىر جايدا توختاپ قېلىپ، كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولغاچقا، پۈتكۈل كۈندىلىك فارفور بويۇملىرى كەسپى كۈنسېرى خارابلاشقان.

بازار رىقابىتى رەھىمسىز بولىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ھەم باراۋەر، ئادىل بولىدۇ. بازار رىقابىتىنىڭ ئالدىدا ئىقتىساد ئاشمىغانلىقىنىڭ ئۆزى چېكىنگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. غەربىي رايونلار گەرچە تەبىئىي بايلىق، ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلىنىش ۋە تەننەرخ قاتارلىق تەرەپلەردە بىرقەدەر چوڭ ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما

بۇ خىل سىلىشتۇرما ئەۋزەللىك پەقەت بىر خىل يوشۇرۇن ئەۋزەللىك، بۇ خىل يوشۇرۇن ئەۋزەللىكنى رېئال ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، مۇھىمى رايون سىلىشتۇرما ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ھەمدە مۇشۇ ئاساستا كارخانىنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكنى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرۈش ۋە يارىتىش لازىم. شۇڭلاشقا، غەربىي رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بازار رىقابىتىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى تەرەققىيات كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلگىرى رايون سىلىشتۇرما ئەۋزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن كارخانا رىقابەت ئەۋزەللىكنى يېتىشتۈرۈشنى تەكىتلەشكە قاراپ ئۆزگىرىش ياسىشى لازىم. نۆۋەتتىكى بازار رىقابىتى كونسېرى جىددىيلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، كارخانا رىقابەت ئەۋزەللىكنى يېتىشتۈرۈش ۋە يارىتىش غەربىي رايونلار سانائىتىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى ۋە ئالدىنقى شەرتىدۇر.

## 4. تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ رايون تەرەققىياتىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم

كەلگۈسىدىكى بازار رىقابىتى ئىختىساس ئىگىلىرى، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتىكى ئۇنىۋېرسال رىقابەتتۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ئىختىساس ئىگىلىرى ئەڭ ھالقىلىق ۋە ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. ھالبۇكى، مەيلى ئىختىساس ئىگىلىرى بولسۇن ياكى مەبلەغ، تېخنىكا سىلىنمىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۈنۈمىنى ۋە رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مۇناسىپ تۈزۈم كاپالىتى بولۇشى كېرەك، شۇڭا، كەلگۈسىدىكى بازار رىقابىتىدە ۋە غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

غەربىي رايونلار بولۇپمۇ بەزى ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونلاردا، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ لىنىيىسى زىيادە ئۇزۇن، دائىرىسى زىيادە كەڭ، مېخانىزمى جانلىق ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. 1997-يىلى، غەربىي رايونلار بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 47.3 پىرسەنتىنى ئىگەللەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن %20.8 ئېشىپ كەتكەن، شەرقىي رايونلارنىڭكىدىن %27.1 ئېشىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى %75.2كە يەتكەن، چىڭخەينىڭ %72.8كە يەتكەن. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1986—1995-يىللىرى شەرقىي رايونلاردا سانائەت ئېشىشىنىڭ تەخمىنەن 40 پىرسەنتى كوللېكتىپ سانائەتتىن كەلگەن، 36 پىرسەنتى باشقا سانائەتتىن كەلگەن؛ غەربىي رايونلاردا بولسا 51 پىرسەنتى دۆلەت كارخانىلىرىدىن كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا 45 پىرسەنتى ۋە 65 پىرسەنتى دۆلەت كارخانىلىرىدىن كەلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غەربىي رايونلار سانائىتىنىڭ ئېشىشىنى ئاساسلىقى ئېشىشى ئاستا بولغان دۆلەت سانائىتى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن.

دۆلەت سانائىتىدىن باشقا سانائەتكە سېلىشتۇرغاندا، غەربىي رايونلاردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تارىخىي يۈكى ئېغىر، ئارتۇق خادىملار كۆپ، كارخانا ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھادىسىسى ئېغىر بولۇپ، ”ئىككىدە يۇقىرى، بىردە تۆۋەن بولۇش“ ئالاھىدىلىكى، يەنى قەرز يۇقىرى بولۇش، ئۆسۈم

يۇقىرى بولۇش، پايدا تۆۋەن بولۇش ئالاھىدىلىكى شەكىللەنگەن. 1997-يىلى، غەربىي رايونلاردىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەتنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمى 29.9% بولغان بولسا، دۆلەت سانائىتىنىڭ 46.1%كە يەتكەن، بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك جايلىشىشىنى تەڭشەپ، قوشۇۋېلىش، ۋەيران قىلىش، كىم ئارتۇق سېتىش، ئىجارىگە بېرىش، پاي تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق غەربىي رايونلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىگە قارىتا ئىستراتېگىيىلىك قايتا تەشكىللەش ئېلىپ بېرىش تولىمۇ جىددىي بىر ئىش بولۇپ قالدى. غەربىي رايونلاردىكى بىر قىسىم كەسىپلەرگە بىر قىسىم خەلق كاپىتالىنىڭ كىرىشىگە يول قويۇشقا، خەلق كاپىتالىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا بولىدۇ. مەركەزنىڭ روھى بويىچە، "چوڭلىرىنى تۇتۇش، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش"نى داۋاملاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك جايلىشىشىنى تەڭشەش كېرەك، بولۇپمۇ ھازىرقى ئوتتۇرا، كىچىك دۆلەت كارخانىلىرىنى كەسىپ تارماقلىرى ۋە خاراكتېرىگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىپ پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا قايتا تەشكىللەپ، كىم ئارتۇق سېتىش، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق كوللېكتىپ ياكى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا، بىر مەزگىللىك ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، غەربىي رايونلاردا رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان، رايون رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولغان ئىقتىسادىي مېخانىزم ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلما تەدرىجىي شەكىللەنگۈسى.

دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك جايلىشىشىنى تەڭشەشنى پائال تۈردە ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي رايونلار يەنە دۆلەت ئىگىلىكىگە ياتمايدىغان ئىگىلىكلەرنىمۇ دادىل راۋاجلاندۇرۇشى، بولۇپمۇ يېزا-بازار كوللېكتىپ ئىگىلىكى، يەككە-خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە چەت مەبلەغدىكى ئىگىلىكلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. نۆۋەتتە، غەربىي رايونلارنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر زور پەرق بار، چەت سودىگەرلىرى يېقىن مەزگىلدە غەربىي رايونلارغا زور كۆلەمدە مەبلەغ سېلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭلاشقا، غەربىي رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن كېيىن بىر تەرەپتىن مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، چەت ئەل ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەندىن كېلىدىغان مەبلەغنى ئاكتىپ كىرگۈزۈشى لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئىچىدىكى ھەر تەرەپلەرنىڭ مەبلىغىنى زور كۈچ بىلەن جەلپ قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى كارخانىلارنىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىشقا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۇرۇشى لازىم. ئاساسىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەش، تېخنىكا، ئۇچۇر مۇلازىمىتى، شۇنداقلا سىياسەت جەھەتتىن ئېتىبار بېرىش قاتارلىق تەرەپلەردە غەربىي رايونلار چەت سودىگەرلىرى بىلەن ئىچكى مەبلەغ كارخانىلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش لازىم.

غەربىي رايونلاردا گەرچە ھەر خىل ئالىي دەرىجىلىك مەخسۇس خادىملار بولسىمۇ، ئەمما كارخانىچى غەربىي رايونلار ئۈچۈن ئەڭ كەمچىل بىر خىل بايلىق. ھۆكۈمەت لاياقەتلىك كارخانا باشقۇرغۇچىلار قوشۇنىنى پائال يېتىشتۈرۈش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچىلارنى تاللاش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بازارنىڭ تاللىشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشى لازىم. نۆۋەتتە بىر قىسىم جايلاردا ھۆكۈمەت يەنىلا ئادەت بويىچە ھۆكۈمەت

ئەمەلدارلىرىنى دۆلەت كارخانىلىرىغا ئەۋەتىپ زاۋۇت باشلىقى قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، دۆلەت كارخانىلىرى تەرەققىياتىدا قىيىپلاشقان، ئىلمىي بولغان بىر يۈرۈش كارخانا باشقۇرغۇچىلار تۈزۈمى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كارخانىچىلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچىلار تۈزۈمىنى تېزدىن بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، شەرقىي رايونلاردىكى دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىچىلارنى غەربىي رايونلاردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى قوشۇۋېلىشقا، سېتىۋېلىشقا، كۆتۈرگە ئېلىپ باشقۇرۇشقا، ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق غەربىي رايونلاردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەتتە قىيىنلىشۋاتقان ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، غەربىي رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش لازىم.

غەربىي رايونلارنى ئېچىشتا، ھۆكۈمەت ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپلەر سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەبلەغ سېلىشقا يول كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم. ئەمما، كونكرېت تۈرلەرنى بېكىتىشتە، ھۆكۈمەت ئارىلىشىۋالماسلىقى، كارخانىغا ۋاكالىتەن ھەر خىل سانائەتكە مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى تاللاپ بېكىتىپ بەرمەسلىكى لازىم. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك ئۇسۇلىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشتا ئورۇنسىز خاتا تەدبىر كۆرۈلۈپ قويۇش، سودا تەننەرخى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ كېتىشتەك بەدەللەرنى تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ھۆكۈمەتنىڭ رولى كارخانىغا ۋاكالىتەن ھەر خىل مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى تاللاپ بېرىش بولماستىن، ئاساسلىقى بىر ساغلام، ئادىل بولغان تۈزۈمنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش. شۇڭلاشقا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسلاھاتى ئارقىلىق پۈتكۈل تۈزۈلمە جەھەتتىكى يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ياخشى مۇھىتىنى يارىتىش مۇھىم بىر شەرت ھېسابلىنىدۇ.

## 5. مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن تەدرىجىي ھالدا مەبلەغنى يېتەكلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا قاراپ ئۆزگىرىش ياساش لازىم

پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە، دۆلىتىمىز ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تەڭشەپ كەلگەنىدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە، بولۇپمۇ مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىش ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، نۆۋەتتە مەركەزنىڭ بايلىقنى بىۋاسىتە تەقسىم قىلىش ئىقتىدارى كۆپ تۆۋەنلەپ كەتتى. تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، بۇنىدىن كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش دائىرىسى يەنىمۇ كىچىكلەيدۇ، مەبلەغ سېلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى دۆلەت خاراكتېرلىك چوڭ ئاساسىي ئەسلىھەلەرگە، ئاساسىي كەسىپلەرگە ۋە

يۇقىرى، بېكى ئىخىنكا كەسپلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، بېكى ۋەزىيەتتە، بۇندىن كېيىن دۆلەتنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئاساسلىقى مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەرقايسى رايونلارنىڭ كەسىپ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تەڭشەپ تۇرۇشى مۇمكىن بولماي قالىدى.

بازار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، مەركىزىي ھۆكۈمەت قالاق رايونلارغا ياردەم بېرىشتە كۆپ ھاللاردا مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش شەكلىنى قوللانغان. مەسىلەن، ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى قالاق رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىدا مەبلەغ سالىدىغان ھەم شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈرلەرگە تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ؛ گوللاندىيە ھۆكۈمىتى سودا-سانائەتـ نىڭ لەنستار چوڭ شەھەر رايونىدىن سىرتقى رايونلارغا تارقىلىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، شىمالىي ۋە جەنۇبىي رايونلاردا كېڭەيتىپ قۇرۇلغان سودا-سانائەت كارخانىلىرىغا 10٪—13٪ مۇكاپات پۇلى بېرىدۇ، يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلارغا بولسا 15٪—35٪ مۇكاپات پۇلى بېرىدۇ؛ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بولسا قالاق رايونلارغا سېلىنغان كاپىتالغا كۆپ خىل ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش شەكلىنى قوللىنىدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، چەت سودىگەرلىرى، دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي كاپىتالنى غەربىي قىسىمدىكى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن، نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىش تولىمۇ زۆرۈردۇر. مەسىلەن، كارخانىلارـ نىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنى ئاساس قىلغان مەبلەغنى يېتەكلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت بېكىتكەن ئالاھىدە تەرەققىيات رايونىغا مەبلەغ سالغان شۇ رايوندىن سىرتقى كارخانىلارغا مەلۇم نىسبەتتە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنىڭ بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئىقتىسادىي ياردەمنى قوبۇل قىلىدىغان كارخانا شۇ رايوننىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى، شۇ رايون ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەلەيدىغان ھەمدە زور بىر تۈركۈم مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولالايدىغان بولۇشى شەرت، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىقتىسادىي ياردەمنى قوبۇل قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئەڭ قىسقا تىجارەت ۋاقتىنى بەلگىلىشى لازىم. مۇبادا كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىشى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى قوللايدىغان يۆنىلىشكە مۇۋاپىق بولسا، مەلۇم تىجارەت مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت بەلگىلىمە بويىچە كارخانىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ياردەمنى نەقلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

مەبلەغ سېلىشقا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشتىن ئاساسىي مەقسەت ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ئارقىلىق ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ كاپىتالدىن پايدا ئېلىش نىسبىتىنى تەرەققىي تاپقان رايونلارـ نىڭكىگە ياكى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈشتۇر. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مۇبادا بۇنداق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلمىسە، جەمئىيەتتىكى ئەڭ چوڭ پايدىنى قوغلىشىدىغان خەلق كاپىتالى ئادەتتە ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا مەبلەغ سالمايدۇ. كارخانىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندا بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئازراق مەبلەغ بىلەن زور مىقداردىكى ئىجتىمائىي تارقاق مەبلەغلەرنى غەربىي رايونلارنىڭ ئېچىلىشىنى تېزلىتىشكە باشلىغىلى، غەربىي رايونلارنى مەبلەغ سېلىشتىكى تولىمۇ جەلپكار رايونلارغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. مەركەز مالىيىسىنىڭ ئىقتىداـ

رى چەكلىك بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، مۇبادا مالىيەدىن ياردەم بېرىشتە قىيىنچىلىق بولسا، دىسكونت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى ئويلىشىشقىمۇ بولىدۇ، شۇ ئارقىلىقمۇ ئوخشاشلا جەمئىيەتتىكى زور مىقداردىكى خەلق كاپىتالىنى غەربىي قىسىمدىكى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلغىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىش ئورنىغا ئىش تېپىپ بېرىش دائىرىسىنى نۆۋەتتىكى نامرات رايونلار بىلەنلا چەكلەشتىن پۈتكۈل غەربىي قىسىمدىكى يېزا رايونلىرىغا كېڭەيتىش ھەققىدە ئىزدىنىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ كونكېرت ئۇسۇلى مەركەز مالىيەسىدىن بىر بۆلۈك پۇل ۋە بېسىلىپ قالغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئاجرىتىپ، دېھقانلارنى يېزا تاشيولى، سۇ ئىشلىرى، تۇرۇبا سۈيى، توك تورى، تېلېگراف، رادىئو-تېلېۋىزىيە ۋە ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى زور كۆلەمدە ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندا، قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىش ئورنىغا ئىش تېپىپ بېرىش ئارقىلىق ھەم يېزىلاردىكى ئېشىندى ئەمگەك كۈچىگە چىقىش يولى تېپىپ بېرىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى، ھەم دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن دەرىجىلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى سانائەت ئىقتىسادى تەتقىقات ئورنىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن قادىر**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 06>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V 刊号:ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号:2—373 定价:2.80元 邮政编码 100013